مۇھەممەت تەشنائى

# ئەسسالام، ھايات

(شېئىرلار)



مىللەتلەر نەشرىياتى



شائىر مۇھەممەت بارات تەشنائى 1963-يىلى 9-نويابىر كېرىيە ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1985-يىلى 7-ئايدا قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن، ھازىر خوتەن ئالىي پېداگوگىكا مەكتىپى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئىشلەۋاتىدۇ.

شائىر تەشنائىنىڭ 550 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر، نەسر، ھېكايىلىرى، ئەدەبىي ئاخباراتلىرى تۈرلۈك گېزىت-ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان. ئۇنىڭ ”خىزىردەك ئادەم“، ”چىرا ئىلھاملىرى“، گۈزەل پەرى بىلەركىن قاچان“، ”ئاچچىق كۈلكىلەر“، ”قۇم بارخانلىرى گۇۋاھ“ قاتارلىق ئون پارچە ئەسىرى «يېڭى قاشتېشى»، «قەشقەر ئەدەبىياتى»، «شىنجاڭ گېزىتى»، «بوستان»، «شىنجاڭ ياشلىرى» تەرىپىدىن 1-، 2-، 3-دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن.

شائىر تەشنائىنىڭ تەرجىمىھالى ۋە ئىجادىيەت نەتىجىلىرى «جۇڭگو مۇتەخەسسىسلىرى قامۇسى» ۋە «جۇڭ-گودىكى مەشھۇر كىشىلەر قامۇسى»غا كىرگۈزۈلگەن. ئۇ ھازىر شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى ۋە خوتەن ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

مۇھەممەت تەشنائى

# ئەسسالام، ھايات

مەسئۇل مۇھەررىر: ياسىن مۇھەممەت

مىللەتلەر نەشرىياتى

# مۇندەرىجە

كۆكۆل نەزمىسى ..................... (1)
ئانا سۆيگۈسى ..................... (2)
چاقناپ قالدۇ ..................... (3)
مۇبارەك بايرىمىڭ ..................... (4)
بار ..................... (5)
بوۋكۆن ..................... (6)
سۆيگۈم كېلىدۇ ..................... (7)
يەر خىتابى ..................... (8)
ئىمتىھاندا ..................... (11)
ياز مۇخبىر ..................... (13)
ۋەزىپەڭ شۇ ..................... (15)
چولپانغا جاۋاب ..................... (16)
بىرلىك ..................... (17)
ئۇستازلار رەسمى ئالدىدا ..................... (18)
مۇئەللىم نەقەدەر پەخىرلىك بۇ نام ..................... (20)
نۇر سۆيگۈسى ..................... (22)
خانتەڭرى ئوغلانى ..................... (24)
مەن باھار ئوغلى ..................... (25)
لىرىكىلار ..................... (26)
گۈلباغ ..................... (28)

مەن مۇئەللىم ................................ (31)
سىنىڭ ئاپئاق قوللىرىڭ ................................ (33)
بالىلىقتا ئەجەب سۆيۈندۈم ................................ (34)
ئەقىدە، غۇرۇر بولغاچ قانات ................................ (35)
كۈلۈپ ياشايمەن ................................ (36)
ئاھ، ئانا ................................ (37)
مەرھابا، باھار ................................ (40)
ئىككىلىكلەر ................................ (40)
ئېھ، يېشىللىق ................................ (42)
شاد ناخشاڭغا جەم بولغاچ سۆيگۈڭ ................................ (44)
نورۇز شادلىقى ................................ (45)
گۈزەل ................................ (46)
”بىر گېپىمىز“ بىر ئىكەن جانان ................................ (47)
ياش تۆكمەن تىنىقىڭنى ئاختۇرۇپ ................................ (48)
ناخشىچى قىزغا ................................ (49)
مېھمانخانا سالايلى ئايغا ................................ (50)
خوتەن بۇلبۇلى ................................ (53)
ئاھ، مۇھەببەت ................................ (54)
ستودېنت ناخشىسى ................................ (56)
سۆيگۈ ................................ (58)
ئىككى خۇيلۇقۇم ................................ (60)
ياشلىق ................................ (62)
ئىنتىلىش ................................ (63)
ئاھ، نادان خەلقىم ................................ (64)

مەن شوٗنداق ياشايمەن ................................ (66)
چوقوٗم ................................................ (68)
مەن ياشايمەن ئەقىدەمگە بوپ سادىق ..................... (69)
ئەسسالام، هايات ....................................... (70)
قايتىپ كەل، كۆڭلۈم .................................... (71)
خەتكە تولدى كۆڭۈل دەپتىرىم ............................. (72)
يىللار سىخىي، ھەممىگە گۇۋاھ ............................ (73)
دوستلارغا دەريادۇر مېنىڭ بۇ كۆڭلۈم ..................... (75)
سەن—پەرىشتە، سەن—ئىلاھ ................................ (76)
سەن ئىشەنچىم ........................................... (78)
ئەپسۇس، قېنى ئۇ گۈزەل جانان؟ ........................... (79)
قەلبىمدە دولقۇنلار ئىپتىخار-غۇرۇر ......................... (80)
غەزەللەر ............................................... (81)
ئاھ، قاچان ۋىسلىڭگە يېتىمەن ئارمان ........................ (84)
مىڭ كۆز بولسا تويمايمەن قاراپ ............................. (86)
بىللە .................................................. (87)
سەھرا قىزى ............................................. (88)
كۆڭلۈم ................................................. (89)
بولغىن ................................................. (90)
ئىناقلىقتىن ............................................. (91)
ۋەتەن سۆيگۈسى .......................................... (92)
ئۇرۇمچى ................................................ (93)
ئانايەر قەسىدىسى ........................................ (94)
مېھنەتكەشلەر قەسىدىسى ................................... (95)

لەۋلىرىم تىترەر تاتلىق تىپخىچە ............................ (101)
چىرا ئىلهاملىرى ...................................... (102)
پايانداز ناخشىلىرى ..................................... (113)
دىرىزەگنى مەن چىكەي ............................... (120)
چىنار پادىشاھى ...................................... (121)
قارلىقاش گۆزىلىگە ................................. (124)
ۋەتەن ئىشقى ....................................... (126)
ئۆزگىچە خۇلق—نازدا كەلدىك باھار .................... (126)
ئۆزۈلمەس ناخشىمىز ................................. (128)
ئىككى غەزەل ........................................ (129)
گۈزەل پەرى بىلەركىن قاچان ........................... (130)
ھىيت بۈگۈن ......................................... (132)
ئۆملۈك ناخشىسى ..................................... (134)
ئەسسالام، يىپەك يۇرتى ............................... (137)
ئىگەركەن تەبىئەتمۇ ئادەمگە باش ......................... (139)
ياش تۆكمەكتە خوتەن تارىخى .......................... (141)
سەددىچىن ئۇستۇگدە تۇرىمەن مەغرۇر ...................... (144)
سىلەر مىنىڭ كەلگۈسۈم—ئەتەم ......................... (146)
قۇياش، تەكلىماكان ۋە مەن ........................... (147)
ئاق چەكتىڭ، جان چەكتىڭ ............................. (148)
ئايالىمغا ........................................... (150)
نەزم دۇردانىلىرى ..................................... (152)

# كۆڭۆل نەزمىسى

ئۇيالدىم كۆرۇپ يازغانلىرىمنى،
گۆھەر دەپ، شېغىل قازغانلىرىمنى.

بەزى شامالغا ئۇسسۇلمۇ ئويناپ،
شېئىرىي پىكىردە ئازغانلىرىمنى.

كۆردۇم ۋاپاسىز، كاززاپ تەلۋىنى،
ئۇرغان سۆيۇملۇك بازغانلىرىمنى.

دېھقان ئاتامنىڭ سۆيۇپ قولىغا،
تەرلىرى ئىچرە ئاققانلىرىمنى.

گۈزەلدىن سۆيگۈ تىلەپ، ئاھ ئۇرۇپ،
ئىشقىدا كۆيۇپ ـ يانغانلىرىمنى.

ئۇستازلىقىمدىن سۆيۇنۇپ چەكسىز،
بورغا كۆمۈلۈپ ھارغانلىرىمنى.

تاسقىدىم داندىن سامىنى تولا،
"ئەسسالام هايات"— سۇنغانلىرىمنى.

تەشنائى ئۇزرە ئىيتار بەك خىجىل،
قاتمىدىم لېكىن يالغانلىرىمنى.

2000 - يىل 4 - ماي، بېيجىڭ.

## ئانا سۆيگۈسى

ئانامنىڭ چېھرىگە باققاندا ھەر رەت،
ھۆرمىتىم گوياكى دەريادەك ئاقار.
ئانىدىن ئەزىزى يوقتۇر جاھاندا،
شۇ ۋەجى يۈرىكىم "ئانا" دەپ سوقار.

كۆز يۇماي ئۆتكۈزۈپ تالاي تۈنلەرنى،
ئانامدۇر ھۆل جايدا ۋايىسماي ياتقان.
ئىشقىنى، مېھرىنى ئاتاپ ئوغلىغا،
"ئەللەي" دەپ تۈنلىرى ناخشىلار قاتقان.

مېھرىبان، كۆيۈمچان ئانامدۇر ئۆزى،
چېكىلگەن ئۇنىڭغا چىن سۆيگۈ رىشتىم.

كۆز نۇرۇم، ئەي مېنىڭ قەدىرلىك ئانام!
مەككىگە ئاپارسام دەيمەن مىڭ قېتىم.

"ئانا" دەپ ئىڭراپ تۇغۇلغاندا مەن،
ئانىغا مېھرىم ئاتەش بوپ يانغان.
ھە، ئەمدى چوڭ بولۇپ سۆيمىسەم ئۇنى،
سوراققا تارتامدۇ ئوغۇللۇق ۋىجدان!

1982 - يىل 24 - فېۋرال، قەشقەر.

# چاقناپ قالدۇ ...

ھەر كۈنى نا تونۇش بىر قىزچاق ماڭا،
چېھرىدە كۈلكىلەر، سالام بېرىدۇ.
بۇ ئوتلۇق دىلىمغا بىر ئوت تۇتىشىپ،
تېنىمگە بىر ئىللىق سېزىم كىرىدۇ.

چېھرىدە تەبەسسۇم، ئايغا بىر مىسال،
ھەقىقىي گۈزەللىك ئۇندا مۇجەسسەم.
ئۇپا ھەم ئەڭلىكلەر ئاڭا يار ئەمەس،
گەر چامىم يەتسىچۇ قەلبىنى كۆرسەم.

ئىچۇككىن بولغاندا ئاتا روبىرو،
بىر دەملىك تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالىمەن.
دېمەڭلەر: چېھرىگە كۆيدۇڭ، دەپ ئۇنىڭ،
شۇ ئىللىق مېھرىدىن ئوت بوپ يانىمەن.

قىز بىلەن خوشلىشىپ يولۇمغا ماڭسام،
ياش قەلبىم ئۇ بىلەن بىرگە كېتىدۇ.
بۇ قىزنىڭ خىسلىتى يۈرەك قېتىمدا،
ئورنىشىپ ئوتقاشتەك چاقناپ قالىدۇ.

1982 – يىل 25 – فېۋرال، قەشقەر.

# مۇبارەك بايرىمىڭ ...

(مۇۋەششەھ)

مۇھەببەتتە دىلىمغا پەن شارابىنى بېرىپ كەلدىڭ،
ئىجادنىڭ ئېتىزىدىن ھارماي، باشاقلارنى تېرىپ كەلدىڭ.

ئوقۇپ كۆرسەم ئۇزۇن تارىخ، بۈيۈك تۆھپەڭ جۇلالايدۇ،
نادانلىققا گويا دانكۇ كەبى كۆكرەك كېرىپ كەلدىڭ.

ئەقىدەڭ: ئەل بىلەن بىللە خۇشاللىق ۋە ئازابلاردا،
ئۇنىدا كۆپ كۆيۈپ ھەمدە سۆيىدە شاد ئىقىپ كەلدىڭ.

لەزىز بىلدىڭ رىيازەت دولقۇنىن تۈنلەردە كەزمەكنى،
تالاي مەسۇم قەلبلەرگە "ئىلىپ"دىن شام يېقىپ كەلدىڭ.

لاۋۇلدايدۇ يۈرەكىڭدە، ئۇلۇغ ئارمان، گۈزەل غايە،
نىيەت ـ شىرىن، ئۆزۈڭ ـ پەرھاد، بولۇپ تاغلار تېشىپ كەلدىڭ.

ئېسىل خىسلەتلىرىڭ ئۆرنەك، ساناقسىز ياش ـ بۇغۇنلارغا،
ئۇلار قۇچسا ئۇتۇق ـ شان سەن قولۇڭدا گۈل تىرىپ كەلدىڭ.

مۇبارەك بايرىمىڭ قۇتلاپ، بۇگۈن تەشنائى شادلىقتا،
ئۇسسۇلغا شادىيان چۈشتى، چاۋاكنى خۇش چېلىپ كەلدىڭ.

1982 ـ يىل 22 ـ ئۆكتەبىر، قەشقەر.

# بار

جىنىمدىن ئەتىۋار بىلگەن ۋاپادارىم نىگارىم بار،
ئەگەر مەلئون قولىن سوزسا ئاتام بەرگەن قورالىم بار.

ئاڭا سۆيگۈم ئىشىپ دىلدا، گويا ئۆركەش ياساپ ئاقتى،
شۇڭا غەيرەت، شىجائەتتە، ئۇنى قوغداش قارارىم بار.
دىلىمنى مەھلىيا قىلغان ئەزىزانە ئانام كېرىيە،
ئۇنىڭ بىرلە بۇ ئالەمدە خۇشال نەغمە ـ ناۋايىم بار،
مىسالى قوينى ھۆر جەننەت، سۈيى كەۋسەر، تېشى ياقۇت،
تۆكۈلگەن ئاڭا كىندىك قان، ۋەتەندەك غەمگۇزارىم بار.
توسالمايدۇ يولۇمنى ھېچ دېڭىز-ئوكيان يانار تاغلار،
ۋەتەنىنىڭ مېھرىدىن ئالغان، ئالەمچە كۈچ مادارىم بار.
تەسەددۇق بىر ئۆمۈر جانىم، ئۇنىڭ ئىشقىدا كۆيمەككە،
ئەگەر بولسام كۆيۈپ كۈل مەن، تىلىكىمگە قانارىم بار.

1982 ـ يىل 16 ـ ئۆكتەبىر، قەشقەر.

# بۇگۈن

كۈلدى قەلبىم ھۆر سائادەت شەرۋىتى ئىچكەچ بۇگۈن،
ئىشلىگەنىنىڭ قەدرىنى دەۋرىم ئەجەب بىلگەچ بۇگۈن.
ئىشلىدىم قولدىن چۈشۈرمەي، كەتمىنىم، گۈرجەكىنىمەن،
باشقىدىن ئىشلەشكە ئىمكان پارتىيەم بەرگەچ بۇگۈن.
ئاشۇرۇپ چەكتىن ھوسۇلنى، تاقىدىم كۆكسۈمگە گۈل،
تۆت يەسىل پەرھاد كەبى، تەرلەرنى كۆپ تۆككەچ بۇگۈن ...
تاغ ياساپ ئالتۇن باشاقتىن، ئويىنىدىم تويىنى خۇشال،

”ئىشلىگەن چىشلەيدىغان“ پەيتىم يېتىپ كەلگەچ بوگون.
نەچچە يىل تونلەردە قالغان ئارزۇيۇم ئاچتى چېچەك،
پارتىيەم ھۆرلۈك، ئازادلىق نۇرىنى سەپكەچ بوگون.
شۇڭا مەن كۆڭلۈم پۈتۈن، نامىمغا لايىق بوپ دېھقان،
يەڭ تۈرۈپ گۈلباغ ياساپ سەيلىلەر ئەتكەچ بوگون.

1983 – يىل 22 – فېۋرال، قەشقەر.

# سۆيگۈم كېلىدۇ

ياخشى ئەخلاق، ئار – نومۇسنى ساقلىساڭ سۆيگۈم كېلۇر،
ئەل–ۋەتەن كۈتكەن ئۈمىدنى، ئاقلىساڭ سۆيگۈم كېلۇر.
پەنگە چىن باغلاپ مۇھەببەت تەر بىلەن گۈللەر ئېچىپ،
ھۆر زامان پەرھادلىرىغا تاقىساڭ سۆيگۈم كېلۇر.
ئىسلاھات – شانلىق سەپەردە، يەڭ تۈرۈپ، كۆكرەك كېرىپ،
قاقىرام چۆللەردە گۈلباغ ياسىساڭ سۆيگۈم كېلۇر.
دوستقا سەن سادىق بولۇپ قىلچىمۇ قىلماي ھەسەت،
ھەسرىتى، شادلىقتا بىللە ئويىنساڭ سۆيگۈم كېلۇر.
ئۆزىچۈن چوغلارنى تارتماي، ئۆزگىنى ئويلاپ ھامان،
خۇددى بىر ھاتەم سۈپەت ياشىساڭ سۆيگۈم كېلۇر.

1983 – يىل 3 – مارت، قەشقەر.

# يەر خىتابى

"ئىگە"! دەپ دۇنياغا تۇغۇلغان چېغىم،
شۇ ئەزىز، قەدىرلىك يەرنى سۆيگەن مەن!
كۆز ئېچىپ پايانسىز گۈلىستانلارغا،
شۇ گۈلگە، هاياتقا ئەجەب كۆيگەن مەن!

ئانامنى سۆيىمەن، بىر ئۆمۈر دىلدىن،
ئويلايمەن: ئانامنى كىم مەندەك سۆيگەن؟
كىمكىنا! ئانامغا نان، سۇنى بېرىپ،
مېھرىدە ياشنىتىپ گۈلدەك ئۆستۈرگەن؟!

ئانا يەر قەلبىدىن چىقتى بىر سادا،
جاۋابەن ئويلىغان سوئاللىرىمغا.
—ئى ئوغلۇم ئاڭلىغىن سۆزلىرىمنى سەن،
قۇلاق سال ياڭراتقان خىتابلىرىمغا.

ئاناڭنىڭ، ئانىسى بىلسەڭ مەن ئەگەر،
ئەجدادۇ، ئەۋلاد ھەم قېرىنداشلىرىڭنىڭ.
بۇ قوينۇم شۇنداق كەڭ، سۇلىرىم زىلال،
باغرىمدىن جاي ئالدى ئىنسانلار مىڭنىڭ.

رەھىمسىز تارىخنىڭ ئۆتمۈش يىللىرى،
ۋەسلىمنى خار قىلدى باغرىمنى تىلغاپ.
باغلىرىم چۆل بولدى، تاغلىرىم تاقىر،
ئىس-تۈتەك قاپلىدى توپامنى بۇلغاپ.

چىدالماي ھالىمغا قەيسەر پەرزەنتلەر،
جاھالەت تەختىگە خاتىمە بەردى.
ئەركىنلىك تۇغىنى كۆتۈرگەن قوشۇن،
بىپايان بەستىمدە كۆكسىنى كەردى.

تۇغۇلدى مېنىڭدە يۈرۈشلەر ئارا،
چېلىشتىن كۈچ تاپقان باتۇر ئوغۇل-قىز.
ئۇلارنىڭ تۆكۈلگەن قان — تەرلىرىدىن،
كۆر مانا، بەستىمدە چاقنار ئۆچمەس ئىز.

ئوت يۈرەك ئوغلۇم بار شائىر مۇتەللەپ،
نەزمىدىن ھۆسنۈمگە ئۆچمەس نۇر بەرگەن.
قىزلىرىم رىزۋانگۈل ھەمدە نۇزۇگۇم،
قېنىمدىن بەستىمگە رەڭدار گۈل تەرگەن.

بار يەنە سادىردەك ئوت يۈرەكلىرىم،
مەڭگۈلۈك ياشاشنىڭ سىرىنى ئاچقان.
بۈگۈنكى باغرىمنى گۈلگە پۈركەشچۈن،
قىپقىزىل قانلىرىم دەرىيادەك ئاققان.

سۆزلىسەم بىھېساب پەرزەنتلىرىم بار،
ئۇلارنىڭ ھەممىسى قوينۇمدا ئۆسكەن!
ھەر گىياھ، مايسىغا قەترە سۈيۈمگە،
چىن دىلدىن ئىشتىياق باغلىغان، سۆيگەن.

ئۈمىدىم: سېنىڭدىن كۈتىمەن شۇنى،
ھەر دائىم ئەجدادلار ئىزىدىن ماڭغىن!
ساي، ئىدىر،
چۆل، جەزىر،
قۇملۇقلىرىمغا،
ھالال تەر ئەجرىڭدىن گۈل، نەقىش ئويغىن!

1983 - يىل 16 - مارت، قەشقەر.

# ئىمتىھاندا ...

(ساتىرا)

چىلىق-چىلىق تەرگە چۆمۈلۈپ،
ئىمتىھاندا ئولتۇرماقتىمەن.
بارماق چىشلەپ، پۇشايمان قىلىپ،
مەيدان ئارا لەت بولماقتىمەن.

يازاي دېسەم قەغىزىمگە ھېچ،
چۈشمەيدىغۇ رېگى قەلەمنىڭ.
قەلبىم بولدى سەھنىسى مانا،
ھۆرۈنلۈكتىن كەلگەن ئەلەمنىڭ.

نەچچە يانچۇق دەپتىرىمگە مەن،
ئوغۇرلۇقچە قولۇمنى سوزدۇم.
لېكىن شۇ پەيت نازارەتچىنىڭ،
بىر جۈپ ئۆتكۈر كۆزىنى كۆردۈم.

ئولتۇرۇپ مەن ئەسلىدىم غەمدە،
ئاتا - ئانام ئېيتقان شۇ گەپنى.
"بالام ياخشى ئۇگەنگىن، تىرىش،
ئورۇندا بىز كۈتكەن تەلەپنى..."

كۆز ئالدىمدا ئاتام ۋە ئانام،
تىكتى كۆزىنى ماڭا غەزەپتە.
كۆز ئالدىمدا خەلقىم ئۇستازىم،
سوئال قويدى ماڭا شۇ پەيتتە.

"قېنى سەندىن كۈتكەن ئۈمىدلەر؟
قېنى سەندە ياشلىق شىجائەت؟
قېنى سەندە ۋەتەنگە ـ ئەلگە،
باغلىغان چىن سۆيگۈ-مۇھەببەت؟!"...

بۇتتەك جىمجىت ئولتۇرۇپ قالدىم،
توشتى ۋاقىت (داڭدىن چىقتى ئۈن).
بولدى پەقەت يازغىنىم مېنىڭ،
ئىسىم، سوئال، يىل بىلەن ئاي، كۈن.

ئىمتىھاندا يېڭىلدىم شۇنداق،
كۆز ياشلىرىم يۈزۈمنى يۇدى.
يۈزۈمنىلا ئەمەس، بەلكى ئۇ،
ناچار ئىللەت، خۇيۇمنى يۇدى.

1983 ـ يىل 6 ـ ئىيۇن،قەشقەر.

# ياز مۇخبىر

ئال قەلەم مۇخبىر يىگىت، بۇ گۈزەل دەۋراننى ياز،
پەن ئۇچۇن شامۇسەھەر تاغ-داۋان ئاشقاننى ياز،
زامانىۋى يۇرت قۇرۇشچۇن ئەجىر سىڭدۈرگەننى ياز،
چېگرىدا پوستتا تۇرۇپ ۋەتەننى ساق تۇتقاننى ياز،
ياز شۇلارنى ھەر نەپەس، ئەل ئىشقىدا كۆيگەننى ياز.

چۈشتى كۆر ھەممە بۈگۈن قوللار تۇتۇپ جەڭگە ئۇچۇپ،
ئىشچى، دېھقان، زىيالىيلار ۋە ياشانغانلار تۇرۇپ،
ئىشلىدى ئىدراك بىلەن ئەڭ بۈگۈك پىلان تۈزۈپ،
تۆكتى تەر ھارماي خۇشاللىق ئىلكىدە غەلىبە قۇچۇپ،
ئاشۇ مەردلەرگە تۇتۇپ گۈل، شۇ ئېسىل خىسلەتنى ياز.

ھۆر يېزام كۈلدى قاقاقلاپ ئۆزگىچە ھۆسنى بىلەن،
كېلىپ قالساڭ دەرسەن ئۇنى ”مۇشۇكەن جەننەت دېگەن“،
باغلىرى ئالما، ئانار ئۇنى تەر تۆككەن يېگەن،
سۇلىرى ئويناپ ئېتىزدا مايىسنى سۆيگەن بەلەن،
كەل مۇشۇ قايناق يېزامغا سەن ئۆزەڭ كۆرگەننى ياز.

يۈز ـ قوللىرى ماي يۇقى، قەلبىدۇر سۈتتىنمۇئاق،
تەق تۇرۇپ زاۋۇتتا ـ سېختا ئىشلىگەن تېخنىكقا باق،
ياز ئاشۇنداق تۆھپىكارنى، ئېيت شەنىگە كۈي ـ قوشاق،
دەۋرىمىز مۇخبىرى بولساڭ ئاچ يېڭىدىن بىر ۋاراق،
ياز ئۇنىڭغا جۇڭگوچە زامانىۋى ياشاشنى ياز.

چاچ ئاقارتىپ بىر ئۆمۈر ئىشلەپ مەرىپەت يولىدا،
"ھېلىقى ئون يىل"دا دەرد تارتقان بىلىمسىز قولىدا،
شۇل پاراكەندە زاماندا بوپ شاگىرتلار كويىدا،
غۇنچە بولسا باغمۇ بار دېگەن ئۇمىدلىك ئويىدا،
شۇ مۇئەللىملەر يېتىشتۇرگەن ئالىم، ئۇستازنى ياز.

قولىدىن چۈشمەس كىتاب كۆڭلىدە يۈكسەك تىلەك،
بولماقتا مەكتەپتە پەننىڭ ئاشىقى سانسىز يۈرەك،
بىر ئەۋلاد ئىلىم خۇمار ياشلار يېتىشمەكتە زېرەك،
ئۇلۇغۋار نىشانغا يەتمەككە بىلىملىك ياش كېرەك،
سەنمۇ بىر ئاشىقى پەننىڭ قۇدرىتى ـ قەدرىنى ياز.

ئال قەلەم مۇخبىر يىگىت، بۇ گۈزەل دەرۋاننى ياز،
پەن ئۈچۈن شامۇسەھەر تاغ ـ داۋان ئاشقاننى ياز،
پەن ئىگىلەشچۈن سەپەردە ـ بەيگىدە ئۆزگاننى ياز،

پەن ئىگىلەپ مۇتەئەسسىپلىككە تىغ ئۇرغاننى ياز،
گۈللىنىشكە پەن كېرەك، پەندە چىڭ تۇرغاننى ياز.

1983 – يىل 6 – ئۆكتەبىر، قەشقەر.

# ۋەزىپەڭ شۇ ...

(يېڭى ساۋاقداشلارغا بېغىشلايمەن)

”ئەسسالام!“ دەپ باستىڭ سەن قەدەم،
ئىنستىتۇتقا يېڭى ساۋاقداش.
ئىززەت ئىچرە دېدىم ئىگىلىپ،
خۇش كەپسەن، مەن چىن تىلەكداش!“
چىرايىڭدا كۈلكە جۇلالاپ،
ئوڭ قولۇڭنى ئۇزاتتىڭ ماڭا.
شۇنداق ئىللىق كۆرۈشتۇق بىزلەر،
كۆرۈنۈشتە قارىدىم ساڭا.
سەزدىم سېنىڭ چېھرىدىن شۇ تاپ،
مەرىپەتكە سويگۈڭ زور قىيان.
ئىرادەڭ چوڭ—”تەگرى“دىن ئېگىز،
ياش قەلبىڭدە ياندۇ گۈلخان.
ئېلىپ سېنىڭ ئېغىر سومكاڭنى،

دېدىم: ”قېنى ياتاققا كىرىڭ“!
بۇ سۆزۈمدىن كەتتىڭ سۆيۈنۈپ،
دېدىم مەن يەنە: ”ئىسسىق چاي ئىچىڭ“.
ئارزۇلار ئوخشاش بولغاچقا بىزدە،
كەتتۇق ئەنە مۇڭدىشىپ خۇشال.
ھەربىر سۆھبەت ماۋزۇسى ئىجاد،
قويۇن ئاچتى دىلدىكى ۋىسال.
سېنىڭ زېھنىڭ ئۆتكۈرلۈكۈڭگە،
بولدۇم قايىل، يەنىمۇ تىرىش.
ۋەزىپەڭ شۇ، ئۇنتۇما دوستۇم،
بىلىم ئېلىپ، چېلىشقا كىرىش!

1983 – يىل 23 – سېنتەبىر، قەشقەر.

# چولپانغا جاۋاب

تۈن نىسپى، مۇڭدىشىپ ئىلھام قىز بىلەن،
قولۇمدا قەلىمىم خىيال سۈرەتتىم.
بۈلاتتى تەسەۋۋۇر ئەينەكتە ئايان،
تىلىكىم دۇنياسى، ئۇنى كۆرەتتىم.

كۆز قىسسىپ دېرىزە ئەينەكتىن چولپان،
قارىدى ۋە دېدى: "ئۇخلىغىن ئىنسان!
قايسى بىر گۈزەلنىڭ ئىشقى ئۇ ئېيتقىن،
ساڭىلا ئۇخلىماس ئوتىنى ياققان؟!"

مەن دېدىم: "قۇلاق سېپ ئاڭلىغىن چولپان،
ئويغاندىم ئەمدى مەن، ئۇيقۇ بەك يىراق.
ئەۋلادقا ئىجادتىن قالدۇرمىسام ئىز،
بوۋامنىڭ يۈزىگە قارايمەن قانداق؟"

سۆيۈندى جاۋابتىن تاڭنىڭ چولپىنى،
تېخىمۇ پارقىراپ چاچتى نۇرىنى.
چاچىمەن خۇشپۇراق ئەل ۋەتەن ئۈچۈن،
چېچەكلەر ئاچقۇزۇپ ئىجاد گۈلىنى.

1983-يىل 7-دېكابىر، قەشقەر.

# بىرلىك

بوۋامدىن بۇ مىراس سۆزدۇر، زەپەرنىڭ ئاچقۇچى بىرلىك،
جىمى مۇشكۇل-توساقلارنى يىراققا سۈرگۈچى بىرلىك.

ئەنە كۆرگىن: بۈيۈك تارىخ قۇرىدا چاقنىغاي غەلىبە،
باياۋان چۆللىنى گۈلگە پەۋەس چۆمدۈرگۈچى بىرلىك.
ۋەتەن-ئەلگە خىرىس قىلغان نىجىسكە ياغدۇرۇپ ئوقنى،
سائادەت گۈلنى دائىم خەلققە قىسقۇچى بىرلىك.
شۇڭا دەيمەن قېنى دوستۇم تۇتۇپ قوللارنى باس ئالغا،
گويا مەنزىل-گۈزەل بىر قىز، لىۋىگە سۈيگۈچى بىرلىك.
سۆزىگە چىن ئەمەل قىلماق ئۈچۈن تەشنائى ئاتلاندى،
"كېلە ئوغلۇم" دېگەن ھەممە قولنى تۇتقۇچى بىرلىك.

1983-يىل 14-سېنتەبىر، قەشقەر.

# ئۇستازلار رەسمى ئالدىدا

(«ئىلى گېزىتى» نىڭ 1983-يىلى 1-دېكابىر سانىغا بېسىلغان يولداش نۇرۇللام ئىبراھىمنىڭ «قەدىناسلار» ناملىق رەسىمنى كۆرگەندىن كېيىن)

تۇرىدۇ بىر سۈرەت ئالدىمدا مانا،
ماڭا ئالەمچە ئىلھام بېغىشلاپ.
چېھرىدە ئۈلكەمنىڭ تەقدىرى جىلۋە،
قارايدۇ ئىقبالغا يېنىش - يېنىشلاپ!

ئۇ بولسا نىم شىپەت ھەمدە مۇتەللەم،
قولىدا قەلىمى ئىجاد ئۈستىدە.
قىلىدۇ تەسەۋۋۇر قۇشلىرى پەرۋاز،
ئەركىنلىك ساماسى—كۆكنىڭ قەھرىدە.

مۇتەللىپ يىللارغا جاۋابنى ئىزدەپ،
قاراڭغۇ تۇماندا چولپاندەك يانار.
نىم شىپەت «سىغىنىش» دېڭىزىدا ئۈزۈپ،
ئىلىمنىڭ توپىسىن كۆكرەككە ياقار.

ئارزۇ بىر، ئىرادە تاغدىنمۇ يۈكسەك،
(خەلقىمگە ئازادلىق شارابى سۇنۇش).
سۆزلەرنى ئوق قىلىپ، مىسرانى قورال،
زالىملار باغرىنى تاسمىدەك تىلىش.

مۇشۇنداق ئارزۇنىڭ ئىشقىدا ئۇلار،
جاھالەت تېغىغا ھۇجۇم باشلىغان.
پەرھادمۇ خىجىل بوپ قارىغان يەرگە،
شىرىنمۇ قايىل بوپ كۆزىن ياشلىغان.

ۋادەرىخ! ... قېنى ئۇ مۇقەددەس ئۇستاز،
تۆھمەتلەر بورىنى كۆمدى چۇللۇككە.

ۋە لىكىن كۆمۈلمەس-كۆمۈلمەس مەڭگۈ،
ئايلاندى قەبرىلەر بۇگۈن گۈللۈككە!

كۆزۈمدە ئىسسىق ياش، دىلىمدا ھەسرەت،
ئارانلا ئۇلارغا ئېيتتىم سۆزۈمنى.
"خاتىرجەم يېتىڭلار ئۇلۇغ ئۇستازلار،
ياقتىم مەن تۇپراققا گۈلدەك يۈزۈمنى.

ماڭدىم مەن سىلەرنىڭ ئىزىڭلار بىسىپ،
قولۇمدا قەلىمىم ئىجاد سىپىدە.
بەرگەچكە روھىڭلار ماڭا كۈچ-قۇۋۋەت،
ئۆزىمەن بىرىنچى بولۇپ بەيگىدە! ..."

1984-يىل 9-يانۋار، قەشقەر.

# مۇئەللىم نەقەدەر پەخىرلىك بۇ نام

مۇئەللىم—نەقەدەر پەخىرلىك بۇ نام،
ھەر ئالسام تىلىمغا، سۆيگۈم زور قىيان.
دۇچ كەلسەم سەپەردە قىيىن ئۆتكەلگە،
سۆزىنى ئەسلەيمەن، ئاشىمەن داۋان.

ئەنە شۇ ئۈمىدلىك تەبەسسۇم چىراي،
سالىدۇ قەلبىمگە ئالەمچە غەيرەت.
شۇ بىر جۈپ ئوتلۇق كۆز ئېيتىدۇ تەكرار:
”بىلىمگە باغلىغىن مەڭگۇ مۇھەببەت!

ھەقىقەت يولىدا جان بەرسەڭ مەيلى،
كەچمىسەڭ جېنىڭدىن باقمايدۇ جانان.
پۇل، مالچۇن ۋىجدانىنى ساتقان بەزىلەر،
ۋە لېكىن تارىختا ئىز قالغان قاچان؟!

شۇڭلاشقا ھەقىقى ئوغلاندەك ياشا،
يۈرىكىڭ خەلق دەپ سوقسۇن تائەبەت.
شۇندىلا سېنىڭدىن رازى بىر ئۆمۈر،
مەن ئەمەس، ھەممىسى قىلىدۇ ھۆرمەت!...“

ياش قەلبىم تۆرىدىن ئالغانتى ئورۇن،
ئۇستازىنىڭ بۇ سۆزى—يۈكسەك تىلىكى.
ئورتاق بىر ئارزۇنىڭ ئىشقىدا دائىم،
سوقاتتى مېنىڭ ھەم ئۇنىڭ يۈرىكى.

شۇ ۋەجى ئۇستازىنىڭ سۆزلىرى ماڭا،
بىباھا، ئالتۇندىن قىممەتلىك قەۋەت.

بىر ئېغىز سۆزىنى مىڭ تىللاغىمۇ
بەرمەيمەن، ماڭا ئۇ قەدىرلىك ئەبەت!

1984–يىل 10–ئۆكتەبىر، قەشقەر.

# نۇر سۆيگۈسى

مەن–چاقماق مىسالى، نۇرلىرىم قىلىچ،
تۈنلەرنى چاپىمەن، يانىمەن مەڭگۈ.
يالقۇنجار قەلبىمدە ئالەمچە بىر ئوت،
ئۇ بولسا مەندىكى نۇرغا چىن سۆيگۈ.

نۇر ئىچرە تۇغۇلدۇم بۇ دۇنياغا مەن،
جىسمىمۇ مېنىڭكى نۇردىن تۈرەلگەن.
ئانام ھەم "ئاي يۇزلۇك ئوغلۇم" دەپ قاراپ،
سۆيۈنۈپ، قوش قوللاپ ئېگىز كۆتۈرگەن.

ھە، ئەمدى شۇ نۇرلار قەلبىمدىن ئۇرغۇپ،
بىر چاقماق بولدۇم مەن "ۋال!" قىلىپ يانغان.
بۇ بىلەن خەلقىمنىڭ قەبىلىگە ھارماي،
ياشاشنىڭ كۈرەشنىڭ ئوتىنى ياققان.

ئۆزەمنى بەختلىك سېزىمەن شۇڭا،
چاقماقنىڭ خىسلىتى مەندە مۇجەسسەم،
كۆلىمەن: قارا تۈن لەشكىرىن يەڭگەن
چېلىشتا بولغاچقا بەلگۈلۈك ھەسسەم!

جىن چىراغ مىسالى مىڭ يىل ياشىسام،
ياش كۆڭلۈم قىلچىلىك تاپمايدۇ ئارام.
ۋىجدانىم سوراققا تارتىدۇ مېنى:
"خەلقىنىڭ نان – تۇزى تېنىڭگە ھارام!"

ئىشەنچىم ئەڭ يۈكسەك: چاقماقتەك ياشاپ،
ئۆتكىنىم ئۈچۈن مەن، ئۆلمەيمەن مەڭگۈ!
كۆمۈلسەم ئەگەردە ئانا تۇپراققا،
كۆمۈلمەس مەندىكى نۇرغا چىن سۆيگۈ!...

1984 – يىل 27 – ئۆكتەبىر، قەشقەر.

# خانتەڭرى ئوغلانى

(مۇۋەششەھ)

لەزىز بىلدىڭ ۋەتەن، خەلقىڭ ئۈچۈن ئاچچىق مۇشەققەتنى،
كۈرەش ئوقيانىدا ئۈزدۈڭ، ئاڭا باغلاپ مۇھەببەتنى.

مەرىپەت نۇر ـ چىراغ بولسا ئاڭا پەرۋانىدەك كۆيدۈڭ،
بولۇپ تاپماق ئۇنىڭ بىرلە نىجادلىق...ھۆر پاراغەتنى.

ئۇزۇن يىللار ھۆكۈم سۈرگەن جاھالەتلىك زامانلارغا
غەزەپ ئوقياسىنى ئاتتىڭ، ئايان ئەيلەپ جاسارەتنى.

تىقىپ "يىل" كۆكسىگە خەنجەر "جاۋاب" بەردىڭ ئاڭا ئوبدان،
كۈيۈڭدە جەڭگە ئويغاتتىڭ تالاي غاپىل ـ ھاماقەتنى.

ئەبەدلىك ھۆر زامان ئىزدەپ قىرىنداشلار ئۇيۇشتى چىڭ،
تۈگەتمەك بوپ ئۆزىنى ئەزگەن ئىغىر كۈلپەت، ھاقارەتنى.

لېكىن ‹‹ئۇچقۇن›› بولۇپ يانغىن راسا كۆيمەككە راسلانسا،
چىقىپ ساتقۇن ئۇلۇغ بىلدى ئۆچۈرمەكنى — جىنايەتنى.

لاۋۇلدايدۇ شېرىن ئىشقى هامان پەرهاد دىلى ئىچرە،
دېدىڭ: يەڭسۇن چوقۇم خىسراۋ كەبى دۇشمەن-قاباهەتنى.

ئېسىل خىسلەت قۇياش يەڭلىغ سىنىڭ قەلبىڭدە نۇر چاچتى،
گۈزەل تۇرمۇش — ئازادلىققا بېرىپ سۆيگۈ - ساداقەتنى.

پۈتۈن خەلقىم شۇڭا قايىل، دېگەي: لوتۇن — ئەرك ئوغلى،
ئىزىن باسماقتا تەشنائى بۇگۈن تۈزدى قەسەمياتنى.

1984 - يىل 10 - مارت، قەشقەر.

# مەن باهار ئوغلى

مەن باهار ئوغلىمەن، گۈللەر ئىچىدە
كۆز ئېچىپ دۇنياغا، بەختىمنى تاپقان.
ئارزۇيۇم شارابىن جامغا توشقۇزۇپ،
تەلپۈنۈپ ئەتىگە ئۈمىدلىك باققان.

مەن باهار ئوغلىمەن، گۈلباغدا ئۆسكەن،
گۈل ھۆسنى مېنىڭدىن ئالىدۇ ئۆرنەك.
ھەر گۈلنىڭ بەرگىدە كۆز يېشىم شەبنەم،
يالتىرار گوياكى بولۇپ بىر ئەينەك.

مەن باهار ئوغلىمەن، باهارغا سادىق،
بۇ ئانا تۇپراققا بولىمەن قورغان!
ئەجرىمدىن كۆكلىگەن گۈللەر بەرگىدە،
كۆز يېشىم ئۈنچىدەك يالتىراپ تۇرغان.

مەن باهار ئوغلىمەن، باهار ۋەسلىدىن،
پاك ئىنسان قەلبىنى كۆرۈپ تۇرىمەن.
باهارغا ئىنتىلەر شۇڭلاشقا قەلبىم،
باهارنى قەدىرلەپ مەڭگۈ سۆيىمەن!

1985 - يىل 16 - فېۋرال، قەشقەر.

# لىرىكىلار

*** 1 ***

ئامرىقىم كېلىمىز بىرگە باغچىدا،
نە باغچە، مۇھەببەت دېڭىزىدا ئۈزۈپ.

سەن دېدىڭ:
قارىغا ئاۋۇ گۈللەرگە،
ئەجەبمۇ چىرايلىق ئېچىلغان كۈلۈپ...
ۋە لېكىن سەن تۇرساڭ
قېشىمدا دىلبەر،
نە قىلاي گۈل ئۈچۈن كۆڭلۈمنى بۆلۈپ ؟...

* 2 *

مەن سېنى سىنىماق بولۇپ بىر كۈنى،
خىزمەتكە چۈشمەستىن كەلسەم دىلبىرىم.
ئەركىلەپ، بوينۇمغا گېرە سېپ سۆيدۈڭ.
پىچىرلاپ: "مەيلىلا بىر كۈن ئاھ جېنىم!..."
دېدىڭسەن،
مەن ئاگا بولمىدىم خۇشال،
شۇ هامان شۈركەندى مېنىڭ بۇ تېنىم!...

* 3 *

خەت يازماس بۇپقالدى، دېدىڭمۇ دىلبەر،
ھە، راستتىن ئىسمىڭنى ئاتاپ يازمىدىم.
ۋە لېكىن يازغان ھەربىر شېئىرىمنىڭ،
ئىلهامى ئۆزەڭسەن، ئۇندىن ئازمىدىم.

* 4 *

داۋاملىق مېنىڭدىن رەنجىيسەن دىلبەر،
"كېچىرىڭ"، "رەھمەت!"نى كۆپرەك دېمىسەم.
ئويلىغىن: بىز بىر جان، ئىككى تەن تۇرۇپ،
قانداقمۇ ئېغىزغا كەلسۇن دەي دېسەم؟

1985 - يىل 26 - ئىيۇن، قەشقەر.

# "گۈلباغ"[1]

"گۈلباغ" دەپ زوق - شوق بىلەن تەرىپلىسەم،
ھېسلىرىم بۇلبۇل بولۇپ قونار گۈلگە.
سۆيگۈمنىڭ ئېقىنىغا كەۋسەر تولۇپ،
سىڭدۇ گۈل تۇۋىگە...ئانا يەرگە.
شۇڭا مەن گۈلباغ ئوغلى ئۇنى سۆيگەن،
ئىشقىدا مىڭ جۇنۇندەك پىشىپ كۆيگەن.

"گۈلباغ" دەپ ماختىنىسەن، قېنى ئۇ گۈل؟
دەپ ماڭا ئەجەبلىنىپ قارايسەنغۇ.

[1] گۈلباغ—خوتەن شەھىرىنىڭ مەركىزىي كوچىسى.

ۋە لېكىن ئۆزەك سەزمەي ھەر تاك، ھەر كەچ،
جاھانغا گۈل ئېچىدىن مارايسەنغۇ؟
ئەتراپقا يېنىشلاپ بىر قاراپ باققىن،
"گۈلباغ"— دەل گۈل دېڭىزى ئۇندا ئاققىن!

شەھىرىمىنىڭ گۈزەل، ئاۋات مەركىزى ئۇ،
ساناقسىز گۈلچىرايلار بۇندا مېھمان.
نە مېھمان، ئۆز دىيارى، ئۆز جەننىتى،
جەننەتكى گۈلدىن پۈتكەن ئۆز خىيابان.
بەس، شۇ باغ غۇنچىسى سەن، بىلمىدىڭمۇ؟
ئامرىقىڭ گۈل سۇنغاندا كۈلمىدىڭمۇ؟

ياشنىپ قالغان موماي، چاللار تېخى،
چىن سۆيگۈ كۆزلىرىدە بېقىشىدۇ.
نە بېقىش، بىر-بىرىگە يۆلەك بولۇپ،
گۈل مەۋجى-ئۆركىشىدە ئېقىشىدۇ.
"گۈلباغ"—ئەل يۈرىكىنى شاد ئېتىدۇ،
شادلىقتا ياشلىقىنى ياد ئېتىدۇ ...

دەسلەپكى مۇھەببەتكە شەيدا ياشلار،
"گۈلباغ"دا كۆزى بىلەن ئۇچرىشىدۇ.

نە كۆزى، پاك ئىشقىنىڭ گۇۋاھلىقى—
سۆزى ھەم ئۆزى بىلەن ئۇچرىشىدۇ...
بۇ ھالدىن بۇلبۇل خۇشال سايرىشىدۇ،
ياشلار بەخت قۇچىقىدا ياىرىشىدۇ.

"گۇلباغ"قا ھەممە ئالىي پەزىلەتلەر
جەم بولغان، ئۇنى خەلقىم ئېلىپ كەلگەن.
گۇل سۇپەت يېزا خەلقى، شەھەر ئەھلى
خىسلەتتىن ئۆز شەھىرىگە بېزەك بەرگەن.
بۇندا بار مېھرىبانلىق، ئىللىق بېقىش،
ھە، شۇڭا "گۇلباغ"دا گۇل، ياز، مەيلى قىش.

مەن نىچۇك تەرىپلىمەي، ئالقىشلىماي،
"گۇلباغ"نى—گۇل ۋادىنى، ئانا يەرنى.
چۈنكى ئۇ قۇچىقىدا يېتىلدۈردى،
مىڭ ـ مىڭلاپ گۇلخۇمارنى—ئېسىل ئەرنى.
شۇ مەردلەر ئەجرىدە گۇل ئاچار "گۇلباغ"،
تېخىمۇ خۇشپۇراقلار چاچار "گۇلباغ".

1985 ـ يىل 8 ـ نويابىر، خوتەن.

# مەن مۇئەللىم

ماختىنىمەن خىزمىتىم بىلەن،
مەن مۇئەللىم...ئۇلتۇرماس قۇياش.
ياش بوغۇنلار مىسالى مايسا،
نۇرغا ئاشىق، نۇرغا تىلەكداش.
ئۇلار قەلبى چاڭقاق بىر دۇنيا،
ئەجرىم ــ مېھرىم بولىدۇ دەريا...

ھەر بىر سۆزۈم ھەقىقەت نۇرى،
تەڭسىزلىككە بولىدۇ خەنجەر.
سائادەتنىڭ كۆكىدە مەڭگۈ،
خىرەلەشمەس بولۇپ ئۇ ئەختەر.
شۇ نۇرلارغا چۆمۈلۈپ ياشلار،
بۈيۈك جەڭگە سەپەرنى باشلار ...

ئەجدادىمنىڭ ئۇلۇغ ئارزۇسى،
ۋىسال قۇچار مېنىڭ ئەجرىمدىن.
ھەر بىر سۆزۈم ھەربىي ئالماس،
تاشمۇ دەريا بولار مېھرىمدىن.

شۇڭا قەدرىم ئالەمچە يۇكسەك،
"ئىلىم" دەپلا سوقىدۇ يۈرەك.

مەن مۇئەللىم—ئولتۇرماس قۇياش،
دەرسخانا—پەخىرلىك ئورنۇم.
مەيلى چىكەي جاپا - مۇشەققەت،
بەخت ئىچرە ئۆتىدۇ كۈنۈم.
شۇڭا شاھمۇ قىلىدۇ ھۆرمەت،
ئەجرىمدە گۈل ئېچىلسا ھەر رەت...

شۇنداقتىمۇ قانائەت تونىن
يىپىنمايمەن بىر ئۆمۈر زىنھار.
پەقەت ئاددىي، ئاددىي بىر ئادەم
بولۇپ ياشاش ئۆمۈرلۈك شوئار.
شۇ ئىرادە، ئەقىدەم بىلەن،
ئۆتسەم رازى بولار ئەل - ۋەتەن...

1985 - يىل 16 -نويابىر، خوتەن.

# سېنىڭ ئاپئاق قوللىرىڭ ...

هالال ئەجرىڭ مېۋىسى بولغان،
رەختنى كىيسەم بولىمەن خۇشال.
كىيىپ ئۇنى رەستىدىن ئۆتسەم،
ئىللىق قويۇن ئاچىدۇ ۋىسال.

ئاشۇ كىيىم تەگسە تېنىمگە،
ھاياجاندىن چۆمىمەن تەرگە.
ئۇنىڭ بىر تال يىپىنى ھەتتا،
تېگىشمەيمەن ئالتۇنغا – زەرگە.

مەيىن شاھال كىيىمنى ئاستا
يەلپۈپ ئۆتسە يايرايدۇ تېنىم.
چۈنكى سېنىڭ ئاپئاق قوللىرىڭ،
بەدىنىمنى ئىللىتار جېنىم.

1985 – يىل 4 – نويابىر، خوتەن.

# باللىققا ئەجەب سۆيۈندۈم

باللىقىم چۈشسە ئېسىمگە،
سۆيۈنىمەن دىلىمدىن قەۋەت.
يالاڭ ئاياغ، مۈنبەت تۈپراققا
مىلىنەتتىم، دىلدا ھارارەت.
ئەمدى ئۈنداق قىلالمىدىم ھېچ،
ئانا يەرگە بولسىمۇ ھۆرمەت.

ئاياغ كىيىپ، ئاز دەپ بۇنىمۇ،
پاشىنىسىغا نالمۇ قويدۇردۇم.
ئەزىز يەرنىڭ ئۈستىگە دەسسەپ،
كاتاڭ قىلدىم، داغلار قوندۇردۇم.
بۇ ھالەتتىن سىقىلىپ ئىچىم،
باللىققا ئەجەب سۆيۈندۇم.

1986 – يىل 3 – يانۋار، خوتەن.

# ئەقىدە، غۇرۇر بولغاچ قانات

جۇپ كۆزۈم شىجائەتنىڭ بۇلىقىدۇر،
نۇرلىرى تىنىم تاپماي چاراقلايدۇ.
يۈرىكىم گۈپۈلدىشى بولۇپ تەڭكەش،
ھۇرۇنلۇق لەشكەرلىرى ئۇرۇقلايدۇ.
تۇرىمەن: يەڭىلىرىمنى شىمايلاپ شاد،
ئەقىدە، غۇرۇر، ئارزۇ بولغاچ قانات.

تۇرقۇمنى كۆرۈپ ھەممە سۆيۈنىدۇ،
ئىرادە، غەيرىتىمگە قويۇشۇپ قول.
ئارقامدىن سەپ تۈزۈشۈپ مېڭىشىدۇ،
ئۇلارغا ئەجرىم باشلاپ بەرگەچكە يول.
بۇ يەڭىلىغ ياشاش مېنىڭ تىلىكىمدۇر،
ئەجدادىم ئىشلىرى شاھ چىرىقىمدۇر.

ئىستىكىم دىلبىرىنىڭ سۇمبۇل چېچى،
ئىزدىنىش تاغىقىدا تارىلىدۇ.
بۇ بىلەن پاك ئەجرىگىدىن "ئىگە" دېگەچ،
ئەجادتىن ئوغۇل كۆلۈپ يارىلىدۇ.

دەل شۇ پەيت خۇشاللىقىم شاۋقۇن سېلىپ،
ئاقىدۇ يۈرىكىمگە كۆكرەك يېقىپ.

مۇشۇ خىل ئىشىم بىلەن ماختىنىمەن،
جەبرىدىن بەخت تېپىپ، خۇش كەيپ بولۇپ.
ئەتىچۇن تىلىكىمنىڭ دېڭىزىدا،
ئاقىمەن چۇقان سېلىپ—دولقۇنلىنىپ.
ئۇبرازىم، نامشەرىپىم خەلقىم دىلىغا
ئۇرنىشار، ئىشىنىمەن يىلدىن. ـ يىلغا!

1986 ـ يىل 5 ـ يانۋار، خوتەن.

# كۆلۈپ ياشايمەن ...

مەن كۆلۈپ ياشايمەن، يىغىدىن يىراق،
كۆلۈشكە ئاساسىم بار مېنىڭ يۈكسەك.
ھەر كۈنۈم ھەتتاكى ھەر مىنۇتقىچە،
شان ـ زەپەر ئىچىدە سوقىدۇ يۈرەك.

ئاللادىن نېمەتلەر كۈتۈپ بىر ئۆمۈر،
دۇئاغا قۇرۇق قول كۆتۈرمەيمەن ھېچ.

هۇرۇنلۇق گەر بولسا قاپقاراڭغۇ تۈن،
ئىرادەم، ئەقىدەم بىسى نۇر قىلىچ.

تەقدىرىم، شان ـ بەختىم هامان قولۇمدا،
ئۆزگىلەر بەختىگە سالمايمەن نەزەر.
ئۈمىدىم شىخىغا يۈگۈمەچ كەبى،
يامىشىپ ئۆسىمەن هەر تاڭ، هەر سەھەر!...

شۇ هالال مېھنىتىم بىلەن كۈلىمەن،
بۇ بولسا دەۋرىمنىڭ كۈلكىسى ئەسلى.
بېشىدا ئەجەلنىڭ تىغى تۇرسىمۇ،
كۈلگەن مەرد ئەجدادىم، مەن شۇلار نەسلى.

1986–يىل 27–نويابىر، خوتەن.

## ئاھ، ئانا! ...

(ئانام مەيرەمخاننىڭ ۋاپاتىغا ئاتاپ)

ئاھ ئانا، سىغىنىش ئىلكىدە بۈگۈن،
ئەسلىمە دېڭىزىغا شۇڭغۇدۇم، چۆكتۈم.

”ئاھ، ئانا! قايدىسەن؟ ...“ تووۋلىدىم تەكرار،
ھەسرەتلىك يىشىمنى دەريادەك تۆكتۈم.

ئاھ ئانا، ئانىلىق بۇرچۇڭنى تۈگەل،
ئادا قىپ كەتتىڭغۇ سەن مېنى تاشلاپ.
نە ئامال ئوغلۇڭغا، پەرزەنتىڭ سېنى،
ئەسلەيدۇ ھەر ۋاقىت كۆزنى ياشلاپ.

سەن كەتتىڭ، ۋە لېكىن كەتمىدى سېنىڭ،
قېنىمغا سىڭگەن شۇ ئالىي پەزىلەت.
ئاق كۆڭۈل، كەڭ قورساق، چىقىشقاق ئىدىڭ،
ياغاتتى دوستلارغا ئىھتىرام ھۆرمەت!

كەتمەيدۇ ئوبرازىڭ كۆڭلۈمدىن مېنىڭ،
چاقنايدۇ بەلكى ئۇ يۈلتۇزدەك روشەن.
سەن باسقان يوللارغا قارىسام ھازىر،
نە يول ئۇ! كۆرۈنەر ئاجايىپ گۈلشەن.

مەن بۈگۈن شۇ گۈلزار ئىچىدە خۇشال،
ئەڭ ئالىي ھۆرمەتكە ئىگە بىر ئادەم.
ئويلايمەن: ”سەن كەبى ئانا بولمىسا،
نىمە بوپ كېتەركىن بۇ يورۇق ئالەم؟“...

ئۇ قايسى؟ ئۇ سىنىڭ بىباھا سۆزۈڭ،
سەكراتتا ياتقاندا قىلغانتىڭ بايان:
"جان قوزام ئەل غېمىن يېگىن، ئەل رازى
بولسىلا، مەن رازى سەندىن ھەر قاچان!"...

بۇ سۆزۈڭ ئەقىدەم بىتىگە خۇددى،
مۆھۈر بوپ بېسىلغان، بېسىلغان مەھكەم.
ھەر ئىشتا سۆزۈڭدىن چەتنىمەي كەلگەچ،
چۇللەرمۇ بولدى كۆر: ئاجايىپ كۆركەم ...

ئاھ ئانا، بۇلارنى ئويلىغانسېرىم،
مەن سەندىن بەك رازى، رازى شۇ قەدەر.
چۈنكى، سەن ئوغلۇڭنى ھەقىقىي ئادەم
سىپىگە قوشقاچقا كۈلەر ھەر سەھەر!

ئاھ ئانا، خاتىرجەم ياتقىن قەبرەڭدە،
كۆرگىنە بىر تاتلىق چۈشنى سەن قېنى.
يۇلتۇزلار بوينۇمدا، قەمەر قولۇمدا،
سامادا كۆرسەن، كۆرسەن مېنى !...

1987-يىل 1-مارت، خوتەن.

# مەرھابا، باھار!...

ئىسمىڭمۇ، مېھرىڭمۇ نەقەدەر ئىللىق،
گۈل باھار كەلدىڭ سەن يەنە خۇش كۈلۈپ.
زارىقىپ كۈتكەن شۇ تەشنا دىلىمغا،
ھۆرمەتىنىڭ جامىدا شاراپ تولدۇرۇپ.

مەن سېنى قۇتلايمەن: مەرھابا باھار،
ئوڭ قولۇم كۆكسۈمدە، دىلدا ئەسسالام.
شۇئىرغان دەردىنى تارتقان مېنىڭدەك
كىشىلەر قەدرىڭنى بىلىدۇ تامام ...

1987-يىل 14-مارت. خوتەن.

# ئىككىلىكلەر

ئەقىدە چىن ئىنساننىڭ بايلىقىدۇر،
غۇرۇردىن جەۋلان قىلغان بايرىقىدۇر.

x x

ئاجايىپ مۆرەككەپ زىددىيەتلىك ئالەم،
قوينىدا كۈلىدۇ ـ يىغلايدۇ ئادەم.

x x

سەن كېلىسەن دوستنى پۇتلاش كويىدا،
مەن ئاۋارە ئۇنى يۆلەش يولىدا...

x x

مەن ئىگىلىسەم ئۇستازىمغا ھۆرمەتتە،
ئۇ ئىگىلەر بىر قەبرىگە ھەسرەتتە.

x x

قىز ئويلايدۇ: ئەجەب ئوبدان بابلىدىم،
يىگىت كۈلەر: دەل جايىدا ئالدىدىم.

x x

رېستوراندا ياش ئەر ـ ئايال ئوينايدۇ،
ئانا بىتاپ باللىرىنى ئويلايدۇ.

x x

باش كۆتۈرمەي ئىشلەر بىرى ئېتىزدا،
بىرى خۇشال يايراپ ئۇزەر دېڭىزدا ...

x x

بىر جان كەلدى تولغاقتىن بۇ دۇنياغا،
بىر جان كەتتى ھەسرەتتە ئۇ دۇنياغا.

x x

ئەمەلدارغا كۈندە بايرام رېستوران،
يوقسۇللارنى ئۇلار قاچان ئويلىغان؟

x x

بىرى چۆلدە ياسىدى باغ-گۈلستان،
بىرى باغدىن ئۇچۇردى جۇت - شۇۋىرغان.

x x

بىرى ياشار خۇشامەت قىپ باياشاد،
ئاقىل ياشار جاپا چېكىپ قاتمۇ-قات.

x x

چارۋىچىنىڭ قازىنى ماي كۆرمەيدۇ،
قاسساپ گۆشسىز ھەتتا بىر كۈن يۈرمەيدۇ.

x x

سەۋرى قىلغان ھەسەل يېدى غۇرىدىن،
ئالدىراڭغۇ تېكىۋەتتى شورىدىن...

1987—2000-يىللار، خوتەن—بېيجىڭ.

# ئېھ، يېشىللىق ...

ئېھ، بۈگۈن قاياققىلا قارىماي مەن،
ياپيېشىل كۆرۈنىدۇ ئانا ماكان.

ئېتىزلار، دەل-دەرەخلەر، شەھەر-سەھرا،
قەلبىمدە قوزغىتىدۇ زوق، هاياجان! ...

كۆرگىنە بوستانلاردا باللار شاد،
يۈرمەيدۇ تال-چىۋىقنى ئات ئېتىپ.
سۆگەتنىڭ نوتىسىدىن سۇناي ياساپ،
قانداقتۇر بىر ئاھاڭغا يۈرەر چېلىپ.

يېشىللىق ھۆكۈم سۈرگەن تەبىئەتنى،
توي بولۇش ئالدىدىكى بىر قىز دېسەم؛
باللار سۇنايلىرى-توي ناۋاسى،
سەكرىشى— مەشرەپلىرى ئىكەن بىلسەم.

ئېھ، بۈگۈن يېشىللىقنىڭ دۇنياسىدا،
ئەتىكى گۈلستانغا باقماقتىمەن.
يېشىللىق ئىجادچىسى— مېھنەتكەشنىڭ،
قولغا جۈپ لېۋىمنى ياقماقتىمەن! ...

1987 - يىل 15 - مارت، خوتەن.

# شاد ناخشاڭغا جەم بولغان سۆيگۈڭ

(پېشقەدەم خەلق ناخشىچىسى مەڭلەشخانغا بېغىشلايمەن)

چاچلىرىڭ ئۈچ كەبى ئاقارغان تۈگەل،
چېھرىڭدە ساناقسىز يىللار ئىزى بار.
يا كەبى ئېگىلگەن چىناردەك بويۇڭ،
دېمەككى قېرىلىق بولغان ساڭا يار.

ۋە لېكىن ئاۋازىڭ يەنىلا ياڭراق،
تەمبۇرۇڭ كۈيىگە جور بولار ئەجەب.
ئەسلىتەر ئۆمرۈڭنىڭ باھار پەسلىنى،
ناخشاڭنىڭ مەزمۇنى ئۇرغۇپ، كۆۋەجەپ.

چۈشەندىم: يىللارنىڭ ئىسسىق-سوغۇقى،
قېرىتقان جىسمىڭنى، ماڭسەن لەرزان.
ۋە لېكىن ناخشاڭغا جەم بولغان سۆيگۈڭ،
تېتىكسەن كۈنسېرى روھىڭ ياشارغان!

1987-يىل 10-دېكابىر، خوتەن.

# نورۇز شادلىقى

ئېھ بۈگۈن، قۇتلۇق كۈن — نورۇز بايرىمى،
شادلىقىم كۆكىدە چاقنىدى چولپان.
بوۋامنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن ئايىمى،
تۈنلەردىن تاڭلارغا ئۇلاشتى ئامان.

مۇقاملار ئەۋجىدە سۆيۈنگەندە دىل،
كۆرگەندەك بولدۇممەن ئەجداد تويىنى.
ئۇلارنىڭ روھىغا ئاتاپ ناخشامنى،
سورۇندا ياڭراتتىم يۈرەك كۈيىنى.

قىز - يىگىت ئۇسسۇلغا چۈشمەكتە شۇ تاپ،
ئۆزئارا بېقىشىپ، بېيىت ئېيتىشىپ.
بوۋاي ھەم مومايلار مەمنۇنلۇق بىلەن،
دېيىشەر: "ياشلارمۇ قالدى يېتىشىپ".

ئاشۇلار سەنئەتنىڭ نەۋرە - چەۋرىگە،
مىراس بولغىنىغا شۈنچىلىك رازى.
يادلىشىپ گۈلدەستە قويسا قەبرىگە،
ياڭرايدۇ دىللارنىڭ تەشەككۈر سازى.

باشقىلار قاتارى چۈشتۈم ئۇسسۇلغا،
شادلىقىم ئالدىدا خانتەڭرى خىجىل.
دىلبىرىم قېنى كەل، جور بولغىن ماڭا،
ئوينايلى، كۈلەيلى بولۇپ بىز ئىجىل.

1988 - يىل 19 - مارت، خوتەن.

## گۈزەل ...

ئىسمىڭ نېمە، ئورنۇڭ قەيەردە؟
بۇ مەن ئۈچۈن نامەلۇم جانان.
پەقەت سېنىڭ سەرۋىدەك بويۇڭ،
يۈرىكىمدە قوزغار ھاياجان...

تووۋا دەيمەن: قالساق ئۇچرىشىپ،
يەر تېگىدىن قارايمەن ساڭا.
قىزىق يېرى: مەن ئۆتۈپ كەتسەم،
قايرىلىپلا قارايسەن ماڭا...

نۆۋەت بىلەن بىنهان بېقىشىش،
بىزنى چېتىپ قويىدىمۇ نېمە؟ ...

سەن يىراقتىن كۆرۈنسەڭ گۈزەل،
شۇ چاغدىكى هالىمنى دېمە؟...

1988 - يىل 8 - ئاپرىل، خوتەن.

# "بىر گېپىمىز" بىر ئىكەن جانان

تېخى ئاخشام "بىر گېپىم بار" دەپ،
ئەجەب تەستە قاراپتىڭ جانان.
"ۋاقتى ئۆتتى" دېدىڭغۇ بۈگۈن،
يەرگە بېقىپ ئويچان-خىيالچان.

"ۋاقتى ئۆتتى" دېگىنىڭ بىلەن،
كۆزۈڭ ئىزهار قىلدى ھەممىنى.
جىنەستىدەك لەۋلىرىڭ تىترەپ،
ھاياجانغا سالدىڭغۇ مېنى.

ئەسلى بىلسەڭ، بار ئىدى مېنىڭ،
بىر گېپىممۇ ئۆزۈڭدىن بۇيان.

بولدى ئەمدى دىمەيلا قوياي،
"بىر گېپىمىز" بىر ئىكەن جانان.

1988 - يىل 27 - ئىيۇن، خوتەن.

# ياش تۆكمەن تىقىنىڭنى ئاختۇرۇپ ...

قورشاپ تۇرار سىنىڭ تال-تال كىرپىكىڭ،
سەھرا قىزى، ئوتلۇق ئاھۇ كۆزۈڭنى.
ئاي ھەم قۇياش خىجىل بولۇپ مۆكۈنەر،
ھەر كۆرگەندە سىنىڭ نۇرلۇق يۈزۈڭنى.

مەجنۇن تالدەك ئۆرۈلگەن شۇ چاچلىرىڭ،
زەپ ياراشقان سىنىڭ سەرۋى بويۇڭغا.
ماڭغىنىڭدا، ھەر يان لەرزان يەلپۈنۈپ،
قامچا بولۇپ تەگدى مىنىڭ ئويۇمغا.

شۇندىن بىرى سەن ئولتۇرغان قىر ئۈستى،
مىنىڭ سەجدە قىلار ئورنۇم بىلەمسەن؟

ياش تۆكمەن تىنىقىڭنى ئاختۇرۇپ،
سەن يېشىمدا بىلىق بولۇپ ئۈزمەمسەن؟

1988 - يىل 22 - ئاۋغۇست، كېرىيە ئويتوغراق.

# ناخشىچى قىزغا

ئەجەب لىرىك ناخشىلار ئېيتىپ،
دىل تارىمغا ئۇرۇۋسەن زەخمەك.
ئويلىنىمەن خىيالغا پېتىپ،
يۈرىكىمدە بىر دەريا ئىستەك.

ھەر ئاڭلىسام "ياشلىق ئالبومى"
كۆز ئالدىمدا بولار نامايان.
بۇ ئۆمرۈمنىڭ باھار مەۋسۇمى،
ناخشاڭ بىلەن كۈيلىنەر ھامان.

شۇ ناخشاڭنىڭ دولقۇنلىرىغا،
شۇڭغۇپ گاھى تۆكمەن كۆز ياش.
ئارزۇيۇمنىڭ قىرغاقلىرىغا،
مەن يېتىمەن (بولسەن قولداش.)

شۇڭا ياڭرات ناخشاڭنى يەنە،
ۋەتەن بويلاپ شوخ پەرۋاز ئەتسۇن.
بوغۇلمىسۇن ياڭراق ئاۋازىڭ،
ناخشا ـ كۈيۈڭ ۋايىغا يەتسۇن.

1988 ـ يىل 2 ـ نويابىر، خوتەن.

# مېھمانخانا سالايلى ئايغا

مېنىڭ خەلقىم قەھرىمان خەلق،
مەرىپەتنى سۆيگۈچى خەلق.
ئەجەب شانلىق تارىخلىرى بار،
تارىخىغا تۆھپە ـ ئۇتۇق يار،
ئىختىراغا كۆيگۈچى خەلق.

ئانا تۇپراق شاھىد كۆپ ئىشقا،
سانسىز مەردنى ئالدى قۇچاققا.
ئاھ ۋەتىنىم، خەلقىم! دەپ نۇرغۇن
ئاقىل كەتتى (قەبرىسى يۇلغۇن)،
ياش تۆكمەن قاراپ شۇ ياققا.

كۆز ئالدىمدا ئوغۇزخان بوۋام،
يۈكسىلىشكە تۈزىدۇ پىلان.
جەڭگە تەييار ساناقسىز پالۋان،
دىللىرىدا مىسلى زور ئارمان،
مەرىپەتنى ئويلاپ ھەرقاچان.

جاھان ئارا مۇنبەرگە چىقىپ،
ئالقىشلانغان خوتەن قەغىزى.
كارۋان بۈيۈك يولىدا ھەر ئان،
شايى - يىپەك توشىغان كارۋان،
پىلە باققاچ خوتەننىڭ قىزى.

كىتاب يازار ئەزىز قەشقەردە،
بوۋام مەھمۇد، يۈسۈپلەر شۇ تاپ.
ئانا تىلنىڭ جەۋھەرلىرىنى،
ئىلىم - پەننىڭ گۆھەرلىرىنى،
سوۋغا قىلىپ خەلقىمگە ئاتاپ.

شاھزادىلەر قانچە دۆلەتتىن،
جەم بولۇشقان ئىدى يەكەنگە.

ئامانىسا، قىدىرخان ئۇستاز،
ئۆگەتمەكتە ئاڭا مۇقام ساز،
شۆھرەت ئانا قىلىپ ۋەتەنگە...

ئاھ، بۇلارنى ئويلىسام دائىم،
هاياجاندىن تۆكىمەن كۆز ياش.
كىيىن نىمە تۆھپە قىلدۇق بىز،
بارمۇ شۇنداق ئۆچمەس ئۇتۇق ئىز،
يا ئىتەمدۇق تارىخنى هاپاش؟

بىزلەردىنمۇ مىراسلار قالسۇن،
ئەۋلادلارغا، تىلغا ئالغۇدەك.
تارىخىمىز شەرەپلىك دەپلا،
يۈكسەلمىسەك بەكمۇ سەت بولار،
شان قۇچايلى چاقناپ تۇرغۇدەك.

يانپاشلىشىپ ياتمايلى ئەمدى،
بىز قارايلى ئەتراپقا ئوبدان.
مىھمانخانا سالايلى ئايغا،

مىلەنمىسۇن نەۋرىلەر لايىغا،
توي ئۆيىنىسۇن ئۇلار شادىمان.

1988 - يىل 4 - نويابىر، خوتەن.

# خوتەن بۇلبۇلى

(تالانتلىق ياش ناخشىچى مۇنەۋۋەر مەتتوختىغا بېغىشلايمەن)

توز كەبى ياسىنىپ چىقسالىڭ سەھنىگە،
تەۋرەيدۇ زال ئۈچى ئالقىشتىن شۇ تاپ.
"بۇ قەيەر، بۇ خوتەن" ناخشالىڭ ھۇزۇرى،
كۆپلەرنىڭ قەلبىدە ھاياجان قوزغاپ...

ئاھۇ كۆز ھايالىق "خوتەن قىزلىرى"
قانچە مىڭ پەرھادنى قىلار مەھلىيا.
ئاھ، ئۇلار ناخشاڭدىن تېپىشىپ ۋىسال،
چېلىشتا قول تۇتۇپ ماڭىدۇ گويا ...

ناخشاڭنىڭ شۇ لىرىك دولقۇنلىرىغا،
مىنگىشىپ قانچىسى كېتىدۇ ئۈزۈپ.

خوتەننىڭ ئەتلىسى، قاشتاش، گىلىمى،
ناخشاڭدا كۆيلىنەر ئەلگە تونۇلۇپ...

زاۋۇتتا، كانلاردا، يېزا ـ قىشلاقتا،
شاد ناخشاڭ ياڭرايدۇ، ياڭرايدۇ ئەنە.
سەنئەتكە ناخشىغا ھېرىسمەن خەلقىم،
رازىدۇر سېنىڭدىن (قىلار تەنتەنە...)

ئۈمىدىم: تىرىشقىن خوتەن بۇلبۇلى،
نەۋقىران چېغىڭدا قۇچقىن شەرەپ ـ شان.
يۈرۈڭقاش، تارىمنىڭ شاۋقۇنلىرىغا،
جور بولسۇن ئۆزۈلمەي ناخشاڭ ھەرقاچان.

1988 ـ يىل 22 ـ نويابىر، خوتەن.

# ئاھ، مۇھەببەت

مۇھەببەت، مۇھەببەت بىلەمسەن شۇنى،
ئىلكىڭگە چۈشمىگەن قىز ـ يىگىت قايدا؟
شەكسىزكى، سېنىڭكى ئىشقى كۆچۈڭدىن،
قانچىسى گۈلزاردا، قانچىسى سايدا!...

سەن شۇنداق قۇدرەتلىك، ھەتتاكى شۇڭا،
تەپتىڭدىن مۇز تاغلار بولىدۇ ئېقىن.
ئەزەلدىن كۆرمىگەن، بىلىشمىگەنلەر،
رىشتىدە باغلىنار ئاجايىپ يېقىن.

كۇچۇڭدىن سۇلتانلار بولىدۇ گاداي،
ۋە گاھى ساھىلمۇ شاھلىق تون كىيەر.
ئۆمرىدە ئۇچقۇننى كۆرمىگەن يىگىت،
گېزى كەلسە ۋەسلىڭدىن گۇلخاندا كۆيەر.

سېنىڭسىز گۇلباغدا يۇرگەن گۇزەلگە،
نە گۇلزار گىياھسىز چۆلدەك كۆرۈنەر.
ئەكسىچە شارابىڭ ئىچكەنلەر چوقۇم،
دەشتلەرنى چاھار باغ كۆرۈپ سۆيۈنەر.

ئادەملەر كېلەركەن، كېتەركەن(بۇ راست)،
ۋە لېكىن سەن مەڭگۈ ئۆلۈمدىن يىراق.
شۇ ۋەجى ھاياتلىق ئۇزۇلمەس ئىكەن،
جۇپ لەۋدىن ئوت يېنىپ، يېقىلىپ چىراغ.

مۇھەببەت، مۇھەببەت جىمىكى كۇچنى،
ئىلكىڭگە ئالغانسەن، ئالغىن داۋامەت.

سېنىڭدىن كۈچلىنىپ، روھلىنىپ ئىنسان،
ھاياتقا باغلايدۇ ئۇتلۇق ساداقەت!

1988 - يىل ئۆكتەبىر، خوتەن.

## ستودېنت ناخشىسى

قولۇمدا نۇرانە ئەڭگۈشتەر كىتاب،
كۆكسۈمگە تاڭىمەن ماڭار يولۇمدا.
ۋۇجۇدۇم گوياكى ئىجتىھات ئىبتى،
ئۈمىدنىڭ قامچىسى ئوينار قولۇمدا.
مەن بولسام ستودېنت، دەۋر ئوغلانى،
توسالغۇ بولالماس تىلسىم قورغانى.

قورالىم بار مېنىڭ: ئىلىم ـ مەرىپەت،
شان سېرى ئىقبالغا ماڭىمەن جەسۇر.
ئۇستازىم يېتەكلەر، خەلقىم ھەم يۆلەك،
نادانلار ئىشىمدىن تاپالماس قۇسۇر،
مەن بولسام ستودېنت، يوللار ئاچقۇچى،
نەۋرىچۇن زەپەردىن يورۇق چاچقۇچى.

خەلقىمچۇن مېھرىمنى بېغىشلاپ دائىم،
شوتا بوپ ئۇلارغا، ياشىغۇم كېلەر.
ئۆرلەشكە كۆزىنى ئاللايتقانلارغا،
ۋىجدانىم، غەزىپىم چىشىنى بىلەر ...
مەن بولسام ستودېنت، خەلقىم غۇرۇرى،
خەلقىم دەپ ياشىماق ئۆمرۈم ھۇزۇرى.

مۇشكۇلگە باش ئېگىش ماڭا يات مەڭگۈ،
ھۇرۇنلۇق لەشكىرى بولىدۇ ئەسىر.
ئىزدىنىش، ئىنتىلىش مەن ئۈچۈن ئۇدۇم،
پۈتىدۇ ئەجرىمدىن مۇقەددەس قەسىر.
مەن بولسام ستودېنت، ئىجتىھات بىلەن
ياشايمەن، تېخىمۇ گۈللەيدۇ ۋەتەن.

ئۇستازنى قىلىمەن ئالەمچە ھۆرمەت،
قەلبىمدە ئۇلار شاھ ــ خاقاندىن ئارتۇق.
ئەمگىكىم مېۋىگە كىرسە ئەگەردە،
تۇنجى رەت ئۇلارغا قىلىمەن تارتۇق.
مەن بولسام ستودېنت، ئۇستاز تىلىكى
ھەل بولماي ئىنسانىنىڭ بولماس كېرىكى.

ئەقىدەم بايرىقى قىلىدۇ جەۋلان،
چېلىشقا ئۈندەپ ئۇ مېنى ھەر دائىم.
مەن چۈشكەن جەڭگاھتا ئەجدادلار ئىزى،
نىشانەم نۇرانە، يېمەيمەن ۋايىم.
مەن بولسام ستودېنت، ئەجداد ۋارىسى،
بەختىيار دەۋراننىڭ باتۇر بالىسى.

ئارزۇيۇم: ئادالەت، بەخت كۆكىدە،
چولپان بوپ چاقنايمەن چېچىپ نۇرۇمنى.
نەۋرىلەر خۇش بولار، بوۋىلار رازى،
باسقاچقا ئەۋلادلار ماڭغان يولۇمنى.
ستودېنت بۇ—مېنىڭ ئالىي شەرىپىم،
تىللاردا داستاندۇر ئۆچمەس تەرىپىم.

1988 – يىل 6 – دېكابىر، خوتەن.

# سۆيگۈ...

سۆيگۈ ئۇ، غەملەردىن قىلىدۇ خالاس،
سۆيگۈدىن كۆزلەردە يالتىرار شەبنەم.
سۆيگۈسىز كائىنات ئارزۇغا قانماس،
سۆيگۈسىز ئۆلگەندۇر ھەتتا ھۇجەيرەم!

سۆيگۈدە بىر ئۆمۈر ئاشىق ۋە مەشۇق،
بىزلەرگە چىن ئۇلگە ئانا يەر-ساما.
سۆيگۈدىن جانلىقلار كۆپىيىپ كەلدۇق،
سۆيگۈدىن بۈگۈنگە كەلدى بۇ دۇنيا...

يېشىللىق تونىنى كىيىدى تەبىئەت،
سامانىڭ ياشلىرى سۆيگەچكە ئۇنى.
بۇرانغا بېشىنى ئەگمىدى پەقەت،
توغراق ھەم يۇلغۇنلار، بىلەمسىز بۇنى؟

سۆيگۈدىن قانچە گەز ئېگىزدە ئۇچقان
شۇڭقارمۇ زېمىنغا چۈشىدۇ ئاخىر.
ئىنسانغا ئۆزىنىڭ سىرىنى يوشۇرغان،
تىلسىملار سۆيگۈدىن بولىدۇ زاھىر.

سۆيگۈدىن ئەزىمەت جېنىنى تىكىپ،
جەڭلەردە زەپەرلەر قۇچىدۇ چوقۇم.
سۆيگۈدىن باللار ئەقلگە كېلىپ،
پەرۋاز قىپ ئاخىرى بولىدۇ ئۇچۇم.

سۆيگۈدىن باشقا ئەل، باشقا مىللەتمۇ،
تونۇشۇپ دوستلۇققا تاشلايدۇ قەدەم.
سۆيگۈدىن يوقايدۇ ناچار ئىللەتمۇ،
سۆيگۈچۈن ئادەملەر بېرىدۇ قەسەم.

قانچىسى سۆيگۈدىن ئۈمىدنى ئۈزۈپ،
سەرسان بوپ چۆللەردە چېكىدۇ پەرياد.
قانچىسى سۆيگۈدىن قۇدرەتكە تولۇپ،
هاياتتا شاھ بولۇپ ئۆتەر باياشاد.

دېمەككى: ئادەم ھەم جېمىكى جانلىق،
سۆيگۈسىز ياشالماس، ياشالماس مەڭگۈ!
سۆيگۈسىز ھېچ نەرسە بولمايدۇ تاتلىق،
ھەرىكەتنىڭ، ھاياتنىڭ بۇلىقى سۆيگۈ!...

1988 - يىل 15 - دېكابىر، خوتەن.

# ئىككى خۇيلۇقۇم

ئەيىبلىدى بىرەيلەن مېنى:
—ئىككى خۇيلۇق ئىكەنسىز ئاداش.

تۇرۇپ ياغار چېھرىڭىزدىن مۇز،
تۇرۇپ كۈلەر گوياكى قۇياش…

جاۋابىم شۇ: چۈنكى مەن ئادەم،
ماگىزىندىكى قوچاقلار ئەمەس.
غۇرۇرۇمنى بىر ياققا چۆرۈپ،
ھەممە ئىشقا قىلمايمەن ھەۋەس.

خەلقىم ئۈچۈن جان دەپ ئىشلىگەن،
مەردكە تەزىم قىلىمەن كۆرسەم.
ئۇلار ئىزى چۈشكەن تۇپىنى،
كۆزلىرىمگە سۈرىمەن بىلسەم.

ئىلىم، ئىجاد سۆيگەن ياشلارنى،
دوست تۇتىمەن، بېرىپ ئاڭا قول.
ئۇستازلارنى ئۇچراتسام ئەگەر،
بوشىتىمەن سالام بىلەن يول.

ئانىلارنى كۆرسەم، ئالدىدىن
تۇغرا ئۆتمەي، ياندىن ئۆتىمەن.
كىچىكلەرنى كۆرسەم سۆيۈنۈپ،
ئىلھام بېرىپ ئۈمىد كۈتىمەن…

شۇڭا دوستۇم ئىككى خۇيلۇقۇم،
ئۆز ئورنىدا تولىمۇ قىممەت.
ياخشىلارغا بىلدۇرۇپ ھۆرمەت،
يامانلارغا ياغدۇرماق نەپرەت.

1989 – يىل 2 – ئاپرىل، خوتەن.

# ياشلىق

گۈزەل ئارزۇ، ئالەمچە كۈچ، جاسارەتكە توشار ياشلىق،
گويا كۆكتە ئۇتۇق بىرلە ئەنە مەغرۇر ئۇچار ياشلىق.
ئىلىم سۆيگەچ پۈكۈپ دىلغا، ئۇلۇغ ئارزۇيۇ-ئارماننى،
تالاي كۈننى ئۇلاپ تاڭغا، داۋانلاردىن ئاشار ياشلىق.
ئىچىپ ئابىھايات كەۋسەر، ئىلىمنىڭ جامىدا كۆپلەپ،
كېلەچەك ئىشىغا ھەر دەم، پۇختا ئاساس سالار ياشلىق.
ئاقىللار يىگىنىدە قازغاچ قۇدۇقلارنى، زەپەر بىرلە،
قېنىپ خەلقىم زىلال سۇغا شۇ پەيت ھۆرمەت ياغار، ياشلىق،
ئۆزىمۇ ئوت يۈرەك ياشنىڭ بىرى بولغاچقا تەشنائى،
تۇرۇپ يەڭنى، چۈشەر سەپكە، چېلىشلاردا ئاقار، ياشلىق...

1989 – يىل 5 – ئاپرىل، خوتەن.

# ئىشلەش

ئىشلەش ئۇ —ئۇلۇغ سېھرىي كۈچ،
ئىشلەشتىن شان قۇچار ئادەم.
ئىشلەشتىن ئادىمى بوۋاق،
ئاي، يۇلتۇزغا قول سۇنار ھەردەم.

ئىشلەشتىن دەسلەپكى سۆيگۈ،
چېچەك ئاچار يىگىت قەلبىدە.
ئىشلەشتىن قىزمۇ تولغىنىپ،
ياش تۆكىدۇ مۇڭلۇق كەپىدە.

ئىشلەشنىڭ كۈچىدە ئىنسان،
مارس ـ ئايغا قىلىدۇ سەپەر.
ئىشلەشتە ئەرك دەپ ئۇغلان،
قانلار تۆكۈپ قۇچىدۇ زەپەر.

ئىشلەش ئۇ —ئىنسانغا زۆرۈر،
ئىنسان ياشار ئۇ بىلەن ھەر چاغ.
ئىشلەشتىن چۆللەردە ھەتتا،
بەرپا قىلار پەرھاد چاھار باغ.

شۇڭا مەنمۇ ئىنتىلىش بىلەن،
باشاپ كەلدىم ھازىرغا قەدەر.
بەزى قوپۇپ، بەزى يىقىلىپ،
يۈگۈردۈممەن ھەر تاڭ، ھەر سەھەر...

ئىنتىلىشتە سەكراتتا يېتىپ،
زارلانمايمەن، دېمەي ھەرگىز ۋاي!
ئىنتىلىشتە گۈزەل جاھاندىن،
خوشلىشىمەن كۆزۈم يۇمۇلماي.

1989 - يىل 18 - ئۆكتەبىر، قاراقاش يۇرچاقچى.

# ئاھ، نادان خەلقىم

— جەمئىيىتىمىزدە بالىلىرىنى مەكتەپكە بەرمىگەن بىر قىسىم جاھىل ئادەملەرنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ نادانلىقىغا تولىمۇ ئېچىندىم...

كۆرۈپ مەن بۇ ھالنى ئۆرۈلدى ئۆپكەم،
سىقىلدى نەپسىم، ئاھ نادان خەلقىم.
ئوغلۇڭنى مەكتەپتىن قاچۇرۇپ تېخى،
ئېيتىسەن: بۇ سېنىڭ ئاتىلىق قەرزىم.

ئۆيلىغىن، ئەجدادلار ياسىغان يوللارنى،
بۇ سەۋەبىي گۆدەكلەر ياسىمىسۇن زىنھار.
ياشىسۇن دۇنيادا ئادەمدەك مەغرۇر،
قىلمىسۇن پەرزەنتلەر ھەرگىز نالە ــ زار.

نادانلىق، خوراپات ياتقىقى بىلسەڭ،
ئۆلۈمگە ئېپ ماڭدى سانسىز ئەرلەرنى.
ئاللادىن قۇرۇق قول مەدەت تىلىدۇق،
ئۆزگىلەر قاپسىسا مۇنبەت يەرلەرنى.

ھەتتاكى بەزىلەر ئەجەل خېتىنى،
ئېپ باردى بىر چاغلار جاللات ئالدىغا.
قېرىنداش، يارەنىڭ تۆكۈلسە قېنى،
بەزىلەر مۆكۈندى پىنھان دالدىغا.

كۆيدۈردۇق بوۋىلار مىراسلىرىنى،
كۈل بولدى ئۇلارنىڭ قان-تەرى — كىتاب.
تەلۋىلەر بىلمىنىڭ قەدرىگە يەتمەي،
"سېرىق" ھەم "سېسىق" دەپ قىلىشتى خىتاب.

يەكۈنلەپ تارىخنى ئالايلى ساۋاق،

باللار ئوقۇسۇن، ئىگىلىسۇن پەن.
نادانلىق بىز بىلەن كەتسۇن كۆمۈلۈپ،
شۇندىلا گۈردىمۇ ياتىمىز بەلەن.

1989 - يىل 26 - ئۆكتەبىر، قاراقاش پۇرچاقچى.

# مەن شۇنداق ياشايمەن ...

مەن چىراغ، ئىنسانلار دىللىرى ئۈچۈن،
نۇر - زىيا، ھەقىقەت بەخش ئەتكۈچى.
ماڭا كەڭ كائىنات كۆرۈنمەس يۈچۈن،
ئىدراكىم سىرلارنى بىلىپ يەتكۈچى.

مەن پەقەت شۇ ئاددىي-ئاددىي ئورۇندا،
شەرەپتە، ئۆمرۈمدىن ياشايمەن ئارتۇق.
كۆمۈلۈپ ئاق بورنىڭ تۇزانلىرىغا،
بەختىنى ئالىمەن ئالەمچە تارتۇق.

ياشايمەن پەزىلەت، ئەقىدەم بىلەن،
پاك كەلدىم، پاك پىتى ياشاش شوئارىم.

پاكلىقنى بىلدۈرۈپ ئادەملەرگە ھەم،
دىللارنى يورۇتۇش - يۈكسەك قارارىم.

مەن چىراغ، مەرىپەت چىراغى ئەسلى،
مەن بىلەن ئادەملەر تاپىدۇ زىيا.
يۈيۈنۈپ نۇر بىلەن ئەۋلادى - نەسلى،
يارىتىپ بارىدۇ يېپيېڭى دۇنيا.

مەغرۇرلۇق، پەخىرلىك، خىجالەتنىمۇ،
سۆزۈمدىن بىلىدۇ، ئويغا چۆكىدۇ.
جاسارەت كەمىرىن باغلىشىپ مەھكەم،
ئۆزىنىڭ ئەتىسىن دىلغا پۈكىدۇ.

ئىزدىنىش ئىچىدە ياشايدۇ ئۇلار،
يارىتىپ مۆجىزە ھالال تەر بىلەن.
ئىجادنىڭ بىغىنى پۈركەيدۇ گۈلگە،
بىر لىرىك كۈي-ناۋا ياڭرىتىپ بەلەن...

مەن شۇنداق ياشايمەن شام كەبى كۆيۈپ،
شەرەپلىك ئورۇندا شاھانە سۆيەت.

هاياتلىق، ئەقىدە، غايە گۈزەللى،
قوزغايدۇ دىلىمدا ئۆچمەس مۇھەببەت.

1989 - يىل 23 - ئۆكتەبىر، قاراقاش پۈرچاقچى.

# چوقۇم

ھەممە ئادەم ئۆز بەختىنى ئۆز ئەجرىدىن ئالغاي چوقۇم،
ئەجىرسىز كۈتسە بەخت، ھەسرەت بىلەن قالغاي چوقۇم.
نى ئۆتتۈق شاماللارنى قۇچقان، گاھ بىلەك، ئوتلۇق يۈرەك،
ئەزىمەتلەر، تەرلىرىدە باغ ياساپ ھارماي چوقۇم.
قانچىسى غەپلەتتە ئۆتكەن، ۋاي ئىسسىت!... شۇ ھالغا،
مېۋە يەپ شاخنى بېرىپ، شاد كۆلكىدە يانغاي چوقۇم.

قانچىسى ئارپا تېرىپ، بۇغدايغا خامان راسلىغان،
بىلىنىپ ئالاغا بەش ۋاق، ئېتىزغا ھېچ بارماي چوقۇم.
ۋە لېكىن ساپ تەر ئۇلۇغ، ساپ تەر بەخت، ساپ تەر ۋىسال،
تەر بىلەن تەر تۆككۈچى نېمەت ئاللار جانىماي چوقۇم.
شۇڭا تەشنائى ھامان قۇرلار ئارا تىكتى كۆچەت،
چاڭقىغان ئەل مېۋىسىنى، ئاغزىغا سالغاي چوقۇم.

1990 - يىل 3 - يانۋار، خوتەن.

# مەن ياشايمەن ئەقىدەمگە بوپ سادىق

ھەقىقەتنىڭ بايرىقىنى قولۇمدا،
لەپىلدىتىپ مەغرۇر قەدەم تاشلايمەن.
ئوت، دېڭىزلار باش ئېگىدۇ يولۇمدا،
جەسۇرلۇقنىڭ ناخشىسىنى باشلايمەن.

قولنى چىشلەپ، كۆزنى ياشلاپ قالىدۇ،
تۆھمەتخورلار، ساختىپەزلەر ئۆرتىنىپ.
ئادالەت ئاھ... كۈلۈپ چوقان سالىدۇ،
ئەل شادلىقى دەريا كەبى ئۇلغىيىپ...

رەزىللىككە ئوت ئاچىمەن غەزەپتە،
پاكلىق گۈلى خۇش ھىد ـ پۇراق چاچىدۇ.
بۇلبۇل خەندان ئۇرار تەرەپ ـ تەرەپتە،
ئەل كۆڭلىگە ۋىسال قۇچاق ئاچىدۇ.

ھۇرۇنلارغا، نادانلارغا قامچام بار،
ئوينىتىمەن، ئالغا قاراپ چاپ دەيمەن.
ئۇلار ئۈچۈن يولۇم، قوينۇم ئەمەس تار،
ئۆيۈكلەرنىڭ ئىشىكىنى ياپ دەيمەن...

چىن ۋاپادار ئەلگە سادىق ئەرلەرگە،
تىزلىنىمەن تالاي تەزىم، ھۆرمەتتە.
مەن بارىمەن خىلى-خىلى يەرلەرگە،
ئۇلار ئىزىن ئاقتۇرىمەن ھەسرەتتە...

مەن ياشايمەن ئەقىدەمگە بوپ سادىق،
مەيلى بولاي شاھ ۋە ياكى بىر گاداي.
ھەرىكەتلىرىم ئۆز يولۇمغا چىن تالىق،
شان - زەپەرنىڭ دەرياسىدا شاد ئاقاي!...

1990 - يىل 19 - فېۋرال، خوتەن.

## ئەسسالام، هايات ...

مەيلى كۈلدۈر، مەيلى يىغلاتقىن،
قوينۇڭغا ئال، ئاھ هايات مېنى.
زور ئۈمىدتە قەدەم تاشلىدىم،
نى قىسمەتلەر كۈتىدۇ قېنى؟

مەيلى قانداق كۈلپەتلەر كەلسۇن،
ئاڭا زىنهار ئەگمەيمەن بويۇن.

بەخت ئىچرە كۆلۈپ ـ ئازابتا،
زارلىنىشقا يوقتۇر ھېچ ئورۇن…

مەن قوينۇڭدا ياشاپ ئۆزگىچە،
ئۆزگە يولدا ماڭمەن دادىل.
ماختاش، قاغاش، ھەسەت بەرىبىر
ئۆز ئەقىدەم ئۆزۈمگە ئادىل.

مىنۇت، سېكۇنت ۋاقىتنى ھەتتا،
قەدىرلەيمەن ھالال تەر تۆكۈپ.
سېنىڭ ھەر بىر ۋاراقلىرىڭغا،
سېنى كۈيلەپ قەسىدە پۈتۈپ.

1990 ـ يىل 22 ـ فېۋرال، خوتەن.

# قايتىپ كەل، كۆڭلۈم …

قايتىپ كەلگىن، كۆڭلۈم بولدى، بەس،
نەلەردە سەن بولمىدىڭ سەرسان.
نى ئىشلارغا قىلىپ سەن ھەۋەس،
شوخلۇقلاردىن نەپ ئالدىڭ قاچان؟…

قايتىپ كەلگىن كۆڭلۈم بولدى، بەس،
پاتقاق، چىغىر... يوللاردىن تۆگەل.
ئىزىپ تۈندە ماڭدىڭ ئەجەب تەس،
كۈتۈپ تۇرسا سېنى ۋەتەن، ئەل.

قايتىپ كەلگىن كۆڭلۈم بولدى، بەس،
تەشنا ساڭا كىلەچەك ۋەسلى.
بەخت بىلسەڭ ئۆلاردا ئەمەس،
بەخت قايناق چېلىشتا ئەسلى.

1990 - يىل 31 - ئۆكتەبىر، خوتەن.

# خەتكە تولدى كۆڭۈل دەپتىرىم ...

تىنچ كۆڭلۈمنى بۇزدۇڭ ئەجەبا،
بۇنى مەنمۇ سەزمەيلا قالدىم.
كۆڭۈل شۇنداق سىرلىقمىدۇ-ھە،
ئاھ! نە ئامال، كۆزگە ياش ئالدىم.

ئىبسىل خۇيۇڭ، گۈزەل چېھرىڭدىن،
ئۇچۇرما بولدى سۆيگۈ كەپتىرىم.

قاچان ئۇقۇپ قويارسەن دىلبەر،
خەتكە تولدى كۆڭۈل دەپتىرىم؟

1990-يىل 3-نويابىر، خوتەن.

# يىللار سىخىي، ھەممىگە گۇۋاھ

يىللار قوينى ئۇلۇغ ۋە سىخىي،
كۇرمىڭ ئارزۇ ئاچىدۇ چېچەك.
ئۇندا كۆكلەر ھاياتنىڭ بېغى،
ئارمان بىلەن سۆيۈشۈپ يۈرەك.
بەيگە تۇزەر يىللار دۇلدۇلى،
ئۇنىڭسىز ھېچ قىزىماس سورۇن.
توسالمايدۇ مۇشكۇلات تېغى،

چېپىشۋېرەر ئەگمەستىن بويۇن.
يىل مەنزىلى سالىدۇ نىگاھ،
كىم ياشىدى قانچىلىك، قانداق؟
تۆھپىسىدىن كۈلدىمۇ دۇنيا،
يا تولغىنىپ چەكتىمۇ ئازاب؟
يىل كىتابى ھەقىقىي گۇۋاھ،
ئۇلۇغلۇققا، پەسكەشلىككە ھەم.

نەدە چوغلۇق، نەدە شۇمبۇيا،
پۈتۈپ بارار بىتىگە ھەر دەم.
يىللار سىخىي گۇۋاھ ھەممىگە،
ئۇندىن سىرنى يوشۇرماق قىيىن.
يىللار دېمەك ـ تارىخ، كىشىگە
ئادىل باھا بېرىدۇ كېيىن.

يىللار چەكسىز، ھايات بەك چەكلىك،
ئادەم ئارتىس، يىللار—كەڭ سەھنە.
تۆھپىكارلار كۆلەر يۈرەكلىك،
شان ـ زەپەرگە قىلىپ تەنتەنە.
ھەر مىنۇتتا يىلنىڭ بويىنغا،
مۆجىزىدىن گىرە سالغان كىم؟
ئادەم ئۇلۇغ، چەكلىك تويىغا،
چەكسىز يىلنى چاقىرار بەلكىم ...

يىللار سەندىن رازىمەن قەۋەت،
كەلگىن دېدىڭ، ئاچتىڭ قوينۇڭنى.
چىن ياشاشقا باغلاپ مۇھەببەت،
پۈركەپ كەلدىم گۈلگە بويۇڭنى...
بولۇپ كەلدىڭ بىر جاھانىنەما،
ئۆتكەنلەرنى كۆرستىپ روشەن.

كەتتى ئىزسىز دىلى كور ــ ئەما،
ياساپ ئۆتتى دانالار گۈلشەن.

شۇنداق، ئىنسان تۆھپىسى ئۈچۈن،
سەن ھەقىقىي ئادىل بىر مىزان.
ھەر كىمگە بەت ئېچىپسەن پۈتۈن،
(كىملەر قانداق ياشىغان قاچان؟...)

مەنمۇ ئارتىس رول ئالدىم شۇ تاپ،
قاملاشتىمۇ (ماڭا نامەلۇم).
مىزانىغا سېپ تۇرۇپسەن قاراپ،
راست جاۋابى ئەۋلادقا مەلۇم.

1990-يىل 3-دېكابىر، خوتەن.

# دوستلارغا دەريادۇر مېنىڭ بۇ كۆڭلۈم

دوستلىرىم، دەريادۇر مېنىڭ بۇ كۆڭلۈم،
سىلەرگە ئۆيۈمنىڭ ئىشىكى ئوچۇق.
سىلەر بار، مەن شۇڭا سۆيۈنۈپ كۈلدۈم،
ئىشىمدىن ياغدۇرۇپ ئالەمچە ئۇتۇق.

بۇيرۇڭلار لازىمىم بوپ قالسا قېنى،
تاغلارنى كۆتۈرەي (مەن ئۈچۈن شەرەپ).
"كۆپ رەھمەت!"، "كەچۈرۈڭ!" دېمەڭلار مېنى،
دوست ئۈچۈن بۇ ئاددىي، ئاددىي بىر تەلەپ.

تۈنلىرى رىيازەت چېكەي سىلەرچۈن،
كۈندۈزى قىلىڭلار شاد ـ خۇرام سەيلى.
چۆللۈكنى باغ قىلاي ئىشلەپ كۈندۈز-تۈن،
كېلىڭلار بىرلىكتە مېۋىسىن يەيلى.

بولماڭلار جاھاننىڭ نەرىدە سىلەر،
ھامىنى كۆڭلۈمنىڭ تۆرىدە سىلەر.
مەن ئۈچۈن دوستلۇق چىن ئىمان، ئېتىقاد،
ئەي دوستلار، كۈتۈرسەم مۈرىدە سىلەر.

1990-يىل 5-دېكابىر، خوتەن.

## سەن — پەرىشتە، سەن — ئىلاھ

سېنىڭ ئىككى قولۇڭ بىلەن مەۋجۇتتۇر،
دېھقان ئاكا، ئىنسانىيەت، ھاياتلىق.

سېخىيلىقىڭ ئۇچۇن ئالەم خېجىلدۇر،
جىمى جانلىق پەقەت ساڭا قاراشلىق.

سەن—پەرىشتە، سەن—بىر ئىلاھ جاھانغا،
چۆللەر بوستان بولار بىر جۇپ قولۇڭدىن.
چېھرىڭ توزان، لېكىن قەلبىڭ بىغۇبار،
قىزىلگۈللەر بەرق ئۇرار يولۇڭدىن.

ساددىلىقنى، سېخىيلىقنى، پاكلىقنى،
سەن ئۆگەتتىڭ ئادەملەرگە ئاھ، دېھقان!
سەن ياشايسەن رىيازەتتە، لېكىن نەپ
قوغلىشىشتىن يىراق تۇردۇڭ ھەر قاچان.

ھاياتلىقىڭ، شادلىقىڭ ھەم ئەقىدەڭ،
سىڭىپ كەتتى ئانا يەرگە تا ئەبەد.
يەر ياشايدۇ، سەن ياشايسەن، شۈكرى،
يۈرىكىمدە ساڭا سۆيگۈ مۇھەببەت.

1991-يىل 2-ماي، خوتەن.

# سەن ئىشەنچىم ...

سەن ئىشەنچىم، سەن مېنىڭ بەختىم،
بۇ ھاياتتا بىر ئۆمۈر قولداش.
ۋاپا، ھايا ـ چوققىسى تەختىم،
يوللىرىمنى يورۇتقان قۇياش.

كۆڭۈل قەسرىم ئىچرە سەن گويا
مەبۇد ماڭا، باش ئۈراي تالاي.
سۆيگۈمىزدىن سۆيۈنسۇن دۇنيا،
يوللىرىڭغا پاياندار سالاي...

1991–يىل 15–ماي، خوتەن.



# ئەپسۇس، قېنى ئۇ گۈزەل جانان؟

ئايدىڭ كېچە ئۆستەڭ بويىدىن،
گىتار ئۈنى ئاڭلىنار لەرزان.
ياش يۈرەكنىڭ ئوتلۇق كۈيىدىن،
تەبىئەتمۇ مەست بولار هامان.

ئويناقشىغان سۆزۈك سۇلارمۇ،
لىرىكىغا چۆمۈلەر مەستخۇش.
يەلپۈنۈشۈپ مەجنۇنتاللارمۇ،
ئاھ، بولۇشار ئەجەبمۇ بىهوش...

يىگىت ئېيتار ناخشىنى مۇڭلۇق،
ئېرىتىدۇ هەتتاكى تاشنى.
سۆيگۈ شۇنداق قۇدرەتلىك ئۇلۇغ،
تولۇن ئايمۇ ئاتىدۇ قاشنى...

ئەپسۇس، قېنى ئۇ گۈزەل جانان،
قايسى ناخشىنىڭ ئەسرى هازىر؟

هايات شۇنداق سىرلىق ھەر قاچان،
ئىنسان ئۈچۈن ئەمەستۇر زاھىر.

1991-يىل 6-ئىيۇن، خوتەن.

# قەلبىمدە دولقۇنلار ئىپتىخار-غۇرۇر

مەندە يوق قىلچىلىك ھوقۇق-مەرتىۋە،
مەن ئاددىي ئادەم مەن، ئاددىي مۇئەللىم.
مەندە بار تەۋرەنمەس يۈكسەك ئەقىدە،
ئەجدادىم روھىدىن ئالغاچقا تەلىم.

كۆمۈلۈپ ئاق بورنىڭ توزانلىرىغا،
ئەۋلادلار قەلبىگە ياقىمەن چىراغ.
چىدايمەن قىسمەتنىڭ بورانلىرىغا،
چۈشكۈنلۈك، ھۇرۇنلۇق مەندىن بەك يىراق.

ئەتىگە قارايمەن، ئەتە دەپ پەقەت،
ئەۋلادنى يېتەكلەپ ماڭىمەن مەغرۇر.

شاگىرتلار شان قۇچۇپ كېلىشسە رەت ــ رەت،
قەلبىمدە دولقۇنلار ئېپتىخار، غۇرۇر …

1991–يىل 11–ئاۋغۇست، خوتەن.

# غەزەللەر

*　*　*

ۋۇجۇدۇم يايرىماس، قەلبىم كۈلەلمەس جانىجان سەنسىز،
كۆزۈم تاغدەك كۈمۈش ــ زەرنى كۆرەلمەس جانىجان سەنسىز.

ئەقىدەم رىشتىسى كىندىك قېنىم بىرلە چىگىلگەن چىلىڭ،
مۇرادىم دىلبىرى جەزمەن، سۆيەلمەس جانىجان سەنسىز.

تاماشا ئەيلىسەم ھەر تاڭ، سىنىڭ تۇزدەك جامالىڭنى،
قۇياشمۇ شادلىنىپ نۇرىنى سېپەلمەس جانىجان سەنسىز.

ئەگەردە كۆكتە ئۇچساممۇ كېلىپ ئامەت يەنە ئاخىر،
تېنىم راھەت، بەختلەرنى سېزەلمەس جانىجان سەنسىز.

* * *

پەقەتلا سەن يورۇق دەۋران يولىغا باشلىدىڭ ئەختەر،
زۇلۇم، خورلۇق كىشەننى پاچاقلاپ تاشلىدىڭ، ئەختەر.

ئاقار قەلبىمدە بىر دەريا، ساڭا رەخمەت ــ تەشەككۇردىن،
دىلىمنىڭ شوخ بۇلاقىنىڭ كۆزىنى ياشلىدىڭ، ئەختەر.

رىزا سەندىن بۇگۈن ھەممە، شۇڭا خانتەڭرى تەزىمدە،
بېشىنى ئەگدى ھۆرمەتتە، ئەجەبمۇ يايرىدىڭ، ئەختەر.

تىقىپ ياۋ كۆكسىگە خەنجەر، ئاسارەت پەردىسىن يىرتتىڭ،
تۆكۈپ ساپ قان، بېرىپ قۇربان، چېلىشتا ھارمىدىڭ، ئەختەر.

ئىگىلەپ مەن ئىلىم ــ پەننى، يېتىلدىم تەربىيەڭ بىرلە،
زەپەردىن تاغ ياساپ كەلسەم، خۇشال بوپ سايرىدىڭ، ئەختەر.

يۈرىكىم شادلىنىپ كۆكرەك تېمىغا ئۇرۇلار "گۈپ ــ گۈپ!"...
"ياشاپ كەتكىن نىجادچىم سەن!..." دېگەننى ئاڭلىدىڭ، ئەختەر.

ئەقىدەم شۇ: ساداقەت جامىدا مەينى كۆتۈرگەيمەن،
بۈگۈن تەشنائىنى ئۇتلۇق كۈرەشكە باشلىدىڭ، ئەختەر.

* * *

مىسالى تاقىرام چۆللەر گۈلستان باغ بولار سەندىن،
باشاقلار چايقىلىپ بۇغداي، قوناققا... ساڭ تولار سەندىن.

ئېرىق-ئۆستەڭدە ئويناقشىپ زىلال سۇلار ئاقار مەغرۇر،
جىمى جانلىق پاراغەتتە، ئوقۇپ تەھسىن يۇتار، سەندىن.

هالاللىق ئاچقۇچى بولغاچ ئۆزەڭ ئەلگە ئەزەلدىنلا،
بەختكە زەپ چۆمۈلدۈردۈڭ، شۇڭا ئامەت قونار سەندىن.

نەزەر سالسام، سېنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ يۈرگەن هاماقەتلەر،
بولۇپ سەرسان، چېكىپ پەرياد ئۆمۈر باغى سۇلار، سەندىن.

ئەزەلدىنلا يۈزى يورۇق بولۇپ كەلدى، سېنى سۆيگەن،
قولىدىن گۈل پۈراق چاچتى، بۇنى هەممە ئۇقار سەندىن.

* * *

بىرىپ ئىشقىمنى ئاھ دىلبەر، سېنىڭدىن قۇت-زەپەر تاپتىم،
بۈيۈك مەقسەت ئۈچۈن ماڭغان، يولۇمغا بىر قەمەر تاپتىم.

ئېگىز تاغلار، دېڭىز-ئوكيان، چوقۇم ئەگكەي ساڭا باشنى،
ئالەمچە كۈچ، جاسارەتتە، شىجائەتتىن كەمەر تاپتىم.

ئىگىلەپ كۆپ ماھارەتنى، سۆيۈپ ئەلنى ساداقەتتە،
خەلققە كۆز ئالايتقانغا، غەزەپ، نەپرەت، زەھەر تاپتىم.

مۇھەببەت رىشتى تەشنائى دىلىنى شاد ـ خۇرام ئەتكەچ،
"ئاڭا مەڭگۈ ۋاپادارمەن!..." دېگەن ياڭراق خەۋەر تاپتىم.

1991-يىل 19-ئاۋغۇست، كېرىيە ئويتوغراق.

# ئاھ، قاچان ۋەسلىڭگە يېتىمەن ئارمان...

نەقەدەر گۈزەلسەن ئارمان پەرىسى،
زارىقىپ كەلدىم مەن كوييۇڭدا يۈرۈپ.
غىل ـ پاللا كۆرىمەن چېھرىڭنى بەزى،
قاچىسەن مەن تولۇق بولغۇچە كۆرۈپ.

ئارماندا تۈنلەرنى ئۇلايمەن تاڭغا،
ۋىسالىڭ بەھرىگە ئىنتىزار بولۇپ.
مۈشكۈلدە تىرەجەپ چىقىمەن تاغقا،
قەلبىمگە ئىنتىلىش، ھاياجان تولۇپ.

ئاھ ئەپسۇس، ئازراقلا كۆرۈپ مەن سىنى،
بەختتىن كۆزۈمنى يۇممەن تاتلىق.
كۆزۈمنى ئاچسام يوق (بىلمەيمەن بۇنى)،
بىلسەمدىم ئۆزۈمنى تۇتاتتىم قاتتىق.

ئاھ، قاچان ۋەسلىڭگە يېتىمەن پۈتۈن،
يېتەلمەي شۇ يۇسۇن ئۆتتى ھاياتىم.
ئۇي ئەمەس بىشىمدىن چىقتى كۆپ تۈتۈن،
قىسمەتتە تاۋلاندى ئۆمۈر قاناتىم.

ئاھ ئارمان گۈزىلى، بەلكى ئوغلۇمنى
كويىۇڭدا ئىنتىزار كۆرەرسەن يەنە.
ئارماندىن ئارمانلار تۇغۇلار، چۈنكى،
ئارمانغا ئىز قويغان ھەربىر قەدەمدە.

1991-يىل 24-ئاۋغۇست، كىرىيە ئويتوغراق.

# مىڭ كۆز بولسا تويمايمەن قاراپ

كىندىك قېنىم تامچىغان سەھرا،
سەن مەن ئۈچۈن ئۇلۇغ، مۇقەددەس.
ماختانمايمەن: ”سۇلىرى كەۋسەر،
تاشلىرى ھەم بىباھا گۆھەر!...“
چۈنكى چىن گەپ، سەن ئۈنچە ئەمەس.

كىندىك قېنىم تامچىغان سەھرا،
مىڭ كۆز بولسا تويمايمەن قاراپ.
دوڭغاق سۆگەت، رەتسىز ئۆيلەردىن،
دىلغا سىڭگەن ساددا كۈيلەردىن،
ۋۇجۇدۇمغا ھاياجان تاراپ.

كىندىك قېنىم تامچىغان سەھرا،
توزانلىرىڭ ماڭا قۇت، ئامەت.
ئۇندىن بوۋام ھىدىن پۇرايمەن،
چۆللىرىنى گۈلگە ئورايمەن،
بۇ زېمىنگە باغلاپ مۇھەببەت.

كىندىك قېنىم تامچىغان سەھرا!
ئادەملىرىڭ ئىشچان، سەممىي،
تەر تۆكىدۇ ئۈنسىز، تەمەسىز،
كۆرۈنمەيدۇ ھۇرۇن، ماكانسىز،
لەزىز شۇڭا ئاچچىق تەر تەمى.

كىندىك قېنىم تامچىغان سەھرا،
ئادەملىرىڭ ئۇستاز مەن ئۈچۈن.
قەترە بولۇپ سىڭسەم يېرىڭگە،
ئۇرۇق بولۇپ چۈشسەم تېنىڭگە،
بولاتتى بۇ كۆڭلۈم شاد، پۈتۈن.

1991–يىل 25–ئاۋغۇست، كىرىيە ئويتوغراق.

# بىللە

ئەزىز خەلقىم سېنى ئۇستاز تۇتۇپ مەڭگۈ ياشاي بىللە،
چۈشۈپ كۆكرەك كېرىپ جەڭگە داۋانلاردىن ئاشاي بىللە.

ئېچىپ بوز يەر، تۆكۈپ ساپ تەر، تېرىپ تۈرلۈك زىرائەتنى،
ئوقۇپ "لاي... لاي!" تېپىپ خامان ئېگىز چەشلەر ياساي بىللە.

ئەگەر توي، بەزمە، مەشرەپتە ئۇسسۇلغا شادىمان چۈشسەڭ،
ئېلىپ قولغا راۋابىمنى، كۆيۈڭگە كۈي قاتاي بىللە.

زىمىستاندا بېرىپ ئىسسىق، تومۇزدا سايىۋەنىڭ بوپ،
بولۇپ ئوتتۇگدا پەرۋانە، سۆيۈڭدە ھەم ئاقاي بىللە.

ئىشەنگىن بۇ مېنىڭ لەۋزىم: ساڭا سادىق بولۇپ مەڭگۈ،
كۆزۈم يۇمسام ئانا يەرگە، يۈرەكىمنى ياقاي بىللە.

1991-يىل 3-سېنتەبىر، خوتەن.

# سەھرا قىزى

ياپ يۈزۈڭنى ئاي خىجىل ئاھ گۈزەل سەھرا قىزى،
كۆككە باقما ئاخشىمى چولپان مۆكەر سەھرا قىزى.

كۆرگىنە سەرۋى شۇ تاپ، ھەسرەت بىلەن ئەگكەي بېشىن،
يالۋۇرۇپ ئاللاغا سەندىن قامەت تىلەر سەھرا قىزى.

باش ئېگىپ ئۆستەڭ بويىدا تالى مەجنۇن قانچە رەت،
يەر سۆيۈپ كەلگەن چېچىڭغا تەلمۈرەر سەھرا قىزى.

كەچتە قايتساڭ ئېتىزدىن، ئاققاي يۈرۈڭگەش لال بولۇپ،
تەرلىرىڭ دولقۇنىنى تامچە بىلەر سەھرا قىزى.

كىيىمىڭ ساپلا توزان، ئەمما ئەتىردىن ئەتىۋا،
بەدىنىڭ سۆيگەن زېمىن ئامەت بېرەر سەھرا قىزى.

كەلگىنە قول بەر بۈگۈن، تەشنائى يولداش سەن بىلەن،
چاپتۇرۇپ جۈرئەت ئېتىن جەڭگە كىرەر، سەھرا قىزى.

1991-يىل 14-سېنتەبىر، خوتەن.

# كۆڭلۈم

ئۈمىد كەل، دەپ قېشىن ئاتقاچ يىراققا تەلمۈرەر كۆڭلۈم،
ئىجادنىڭ ئىشقىدا ھەر تۈن، تالاي نەزمە پۈتەر كۆڭلۈم.

ئۈچۈپ ئەركىن، تەپەككۇر قۇشلىرىم يۇرتۇم، ساماسىدا،
ئەزىز تۇپراق جامالىغا، قاراپ تەكرار تۈنەر كۆڭلۈم.

ئېتىزدا بىر ئۈمۈر ئىشلەپ، ھوسۇلىدىن تاغ كەبى ئالغان،
دېھقانغا تىزلىنىپ نەچچە، تەزىم - ھۆرمەت ئېتەر كۆڭلۈم.

ئانا يەر تەكتىدىن ھارماي قارا ئالتۇن قېزىپ چىققان،
قولى ئوت ئىشچىنىڭ قولىغا، قولىنى شاد بېرەر كۆڭلۈم.

ھايات ئۆركەش ياساپ ئاققان دېڭىزدۇر، ئۇ، بىلىق ھەر چاغ،
شۇڭا ئاھ ــ زار، خۇشاللىق ھەم تېڭىرقاشنى بىلەر كۆڭلۈم.

ئۈمىد ـ ئارزۇ بىلەن تەشنا، ياشايدۇ ئەل بىلەن بىللە،
ئۈنىڭسىز ئاھ... ئەجەب بالدۇر كېتەر گۆرگە كىرەر كۆڭلۈم.

1992–يىل 16–يانۋار، خوتەن.

# بولغىن

سېنى ئەل سايلىدى باشلىق، خەلقىنىڭ چاكىرى بولغىن،
مۇشەققەت ھەم توسقۇننى، يېڭىشنىڭ ماھىرى بولغىن.

ئۆزۈڭنى ئويلىما زىنھار، بۇنى ھەم چوڭ نومۇس دەپ بىل،
ئاۋامنىڭ بەختى بىر زۆھرە، ۋاپادار تاھىرى بولغىن.

ئىشەنمە پىتنە ـ ئىغۋاغا، خەلقىنىڭ دەردىنى ئاڭلا،
ئۇلارنىڭ ھالىغا كۆپ يەت، شىپالىق يامغۇرى بولغىن.

ئۆيۈگدە ياستۇقۇڭ قىرلاپ، خىياللار سۇرمىگىن شېرىن،
نەزەرنى كۆپكە ئاغدۇرغىن، ئۇلارنىڭ كادىرى بولغىن.

سالام قىل غادىيىپ ماڭماي، ساڭا قولىن ئۇزاتقانغا،
خەلقىنىڭ ھۆرمىتى ئاشقاي، "چاكار"نىڭ نادىرى بولغىن.

1992-يىل 21-فېۋرال، خوتەن.

# ئىناقلىقتىن

سائادەت دىلبىرى جەزمەن، قۇچاق ئاچقاي ئىناقلىقتىن،
شۇڭا مەن چىن سۆزۈم-ئوتلۇق غەزەل باشلاي ئىناقلىقتىن.

ئەنە يالغۇز تېرەك هالى، بوراندا دۇم بولۇپ چۈشتى،
لېكىن ئورمان تۇرار مەغرۇر، پەقەت تايماي ئىناقلىقتىن.

ئۇچۇپ يۈرگەن توپا - قۇمدىن، كېسەك پىشقاچقا خۇمداندا،
بۇلۇت سۆيگەن بىنالار چىك، گۈزەل تۇرغاي ئىناقلىقتىن.

سەپەردە قوللىرىن تۇتتى، بۈگۈن تەشنائىمۇ ئەلىنىڭ،
بۈيۈك مەنزىل ئۈچۈن جەڭدە، داۋان ئاشقاي ئىناقلىقتىن.

1992-يىل 22-فېۋرال، خوتەن.

# ۋەتەن سۆيگۈسى

ئاڭلاي كۆرگىن يۈرىكىمنىڭ رىتىمىنى،
"ۋەتەن!"، "ۋەتەن!" دېگەن ئوتلۇق سادا كېلەر.
چۈشەندىگىمۇ مېنىڭ ھەربىر تىنىقىمنى،
ۋەتەن-ئەلگە ئامەت تىلەر، زەپەر تىلەر.

قارلىق تاغنىڭ تاجى بولۇپ ئۆسكەن قارىغاي،
مەندىن ئالغان يۈكسەك قامەت، ئەقىدىنى.
نېچۈن بۇلاق بۇلدۇقلايدۇ قىش، ياز تىنماي،
ئۆگەنگەن ئۇ مەندىن پۈتمەس قەسىدىنى...

1992-يىل 25-فېۋرال، خوتەن.

# ئۈرۈمچى ...

ئۈرۈمچى سەن مۇقەددەس شەھەر،
مىڭ تەزىمدە تۇتاي گۈلدەستە.
سەن قەلبىمنىڭ تۆرىدە قەمەر،
ھەر تاڭ باقتىم ساڭا ھەۋەستە.

ئۈرۈمچى مەن پەخىرلەنمەيمەن،
بۇلۇت سۆيگەن بىنالىرىڭدىن.
پەخىرلىنىپ سۇرىمەن لەززەت،
بىنا سالغان ئىشچانلىرىڭدىن.

ئۈرۈمچى مەن پەخىرلەنمەيمەن،
يۇلتۇز كەبى چىراغلىرىڭدىن.
پەخىرلىنىپ قىلىمەن سەجدە،
چىراغ ياققان ئىشچانلىرىڭدىن.

ئۈرۈمچى مەن پەخىرلەنمەيمەن،
گۈل قوينىغا شۇڭغۇسام ھەر رەت.

پەخىرلىنىمەن گۈلنى ئۆستۈرگەن،
ئاسىرىغانغا بىلدۈرۈپ ھۆرمەت.

گۈللە ئۈرۈمچى، ئۈرۈمچىلىك ئەل،
سەن ھۆرمىتىم تەختىدە سۇلتان.
ئىسلاھاتتىن تاپتىڭ شان-ئۇتۇق،
ھەر دەقىقە ئىشلىرىڭ داستان.

1992-يىل 2-ماي، خوتەن.

# ئانايەر قەسىدىسى

چېھرىمدە پارلايدۇ نەچچە مىڭ قۇياش،
ئانا يەر مېھرىڭدىن سۆيۈنۈپ قەۋەت.
ئۇچۇملاپ ئىچكەندە شېرىن سۈيۈڭنى،
تاغلارنى يۈدگۈدەك ئالىمەن قۇۋۋەت.

شەنىڭنى قوشاقىا قاتقاندا ساباھ،
شادلىقتىن قوشۇلۇپ كېتىمەن ئاڭا.
ھەر چىمدىم تۇپرىقىڭ بىر جاھانىدىما،
بوۋامنىڭ ھىدىنى بېرىدۇ ماڭا.

مۇقەددەس يۆلەنچۈك، قۇدرەتلىك ئىلاھ،
تاغلىرىڭ مەن ئۈچۈن ئەبەدىلئەبەد.
جەننەتنىڭ ھۆرلىرى قىلىدۇ ھەۋەس،
باغلاردا ئوغلۇڭنى كۆرسە ھەر نۆۋەت.

كېچىسى ئاي، يۇلتۇز، كۈندۈزى قۇياش
نۇرىدىن كۆزۈمنى كۆرگەنسەن تۇپراق.
ئوقچۇدى قەلبىمدىن ساڭا چىن سۆيگۈ،
بۇنىڭغا ئىمسالدۇر توختاۋسىز بۇلاق.

1992-يىل 24-ئىيۇن، خوتەن.

# مېھنەتكەشلەر قەسىدىسى

* چاتما *

### مۇقەددىمە

سەھرا دېسەم، سەھرا كىشىلىرى،
كۆز ئالدىمدا بولار نامايان.
دەريا ـ دەريا ھۆرمىتىم ئېقىپ،
يۈرىكىمنى قاپلار ھاياجان...

بۈگۈن كېلىپ سەھراغا يەنە،
يۈرىكىمدىن ئۇقچۇدى بۇلاق.
قەلىمىمدىن تىزىلدى سەپكە،
مىسرالىرىم بوپ شېئىر ـ قوشاق.

## دېھقان بوۋا

چاچلىرىڭ ئۈچ كەبى ئاقارغان تۈگەل،
بېلىڭمۇ مۈكچەيگەن ئوقيادۇر گويا.
چېكەڭدە ساناقسىز يىللارنىڭ ئىزى،
بۇ ئانا سەھرانىڭ تارىخى بوۋا.

ئېھ بوۋا ياشىدىڭ ئېسىل خىسلەتتە،
سەن گويا ھۆرمىتىم تەختىدە خىزىر.
تىنىمسىز، تەمەسىز ئىشلەيسەن، شۇڭا
جەننەتكە ئايلاندى پايانسىز جەزىر...

## دېھقان ئاتا

ئېھ دېھقان! ئاق كۆڭۈل، سەممىي ئادەم.
ياشايدۇ جىمىكى جانلىق سەن بىلەن.
سەن بولغاچ مەۋجۇتتۇر ھەتتاكى ئالەم،
گۈللەرگە پۈركىنىپ بۇ ئەزىز ۋەتەن...

ئاتاڭدىن مىراس بوپ قالدى چىدامىلىق،
مېھنەتنى ئەبەدىلئەبەد سۆيىسەن.
يەر سېنىڭ، سۇ سېنىڭ، تىنماستىن ئىشلەپ،
شاھلاردەك تۇرمۇشنىڭ پەيزىنى سۈرىسەن.

بىلەيسەن ئورغاقنى كۆكتىكى ئايغا،
زېمىنمۇ تىترەيدۇ كەتمەننى چاپساڭ.
سۇبھىنىڭ نۇرىغا كۆمۈلەر بويۇڭ،
ھەر سەھەر ئېتىزغا ـ چېلىشقا ماڭساڭ...

تورغايلار قىرلاردا سايرىشار سەكرەپ،
شەنگگە كۈي ـ ناخشا ئوقۇشۇپ قەۋەت.
پايانسىز ئېتىزلار چايقىلار يېنىك،
دەرەخلەر چاۋاك چېپ بىلدۈرۈپ ھۆرمەت.

سەن ئىلاھ، دۇنيانى ياراتقان سۆيگەن،
يەر باركى سەنمۇ بار ھاياتلىقمۇ ھەم.
سەن گويا جانلىقلار ئۈچۈن بىر قۇياش،
ئەڭ ئاددىي، ئەڭ سېخىي مۇقەددەس ئادەم...

## دېھقان ئانا

چىرايىڭ قارايغان ئاپتاپ، جۇدۇندا،
قوللىرىڭ قوۋزاقتەك يېرىلغان تۈگەل.
باش ــ ئۇستۇڭ چاڭ ــ توزان، لېكىن قەلبىڭ پاك،
مىننەتسىز، تەمەسىز بېرىسەن بەدەل.

ئېتىزدا ئەرلەردىن قېلىشماي ئەسلا،
تۆكىسەن چېكەڭدىن ئۈنچە ــ گۆھەرنى.
ئۆيۈڭدە ئوخشىتىپ ئېتىسەن تائام،
تۈنجى بوپ كۆرىسەن نۇرلۇق سەھەرنى.

قوي، كالاڭ تېۋىنەر سوزۇشۇپ تۇمشۇق،
بالىلار ئالدىرار: "ئانا ئاش، نان..." دەپ.
بوسۇغا ئالدىنى قورشار توخۇلار،
دان، سۇ ...دەپ (يېتىشىپ بولىسەن ئەجەب).

قەددىڭنى پۈكىدۇ تۈگىمەس مېھنەت،
ۋە لېكىن ئاھ ئۇرۇپ، ۋايساپ يۈرمەيسەن.
بالا، ئۆي دەپ ئۆتەر كۈنۈڭ ئالدىراش،
خۇپتەندە يىگىندە چىراغ پەرلەيسەن.

## دېھقان يىگىت

ئەللىك مو بوز يەرنى ئېچىپ، يېشىللىق
قويىنغا پۈركىدىڭ، ساڭا مىڭ رەھمەت.
ئەسلىدە تاشلىنىپ قالغان چۆللۈكتە،
ئورمانلار ئايىندى چىرايلىق رەت ـ رەت.

ئۆيۈڭگە ياراشقان (سۆيۈنەر ھەركىم)
توگۈلاتقۇ، تېلېۋىزور، ئۈنئالغۇ ...ئەجەب.
كۆزلەرنى چاقنىتار رەڭدار گىلەملەر،
گۈلباغنى ئەسلىتىپ كۆرسە كىم، دەسسەپ...

ئېھ دېھقان يىگىتى، يۈز مىڭ تەشەككۈر،
يۈزۈمنى يۈزۈڭگە ياقاي قېنى كەل.
تاغلارنى قومۇرۇپ ئالغۇدەك كۈچ بار،
قولۇڭنى چىڭ سىقاي ھۆرمەت بولدى سەل ...

## دېھقان قىزى

خىجىل قىلار چولپاننى، تولۋا،
بۇلاق كەبى ئويناق كۆزلىرىڭ.
بال ـ شېكەرنى ئەسلىتەر بەرھەق،
سېنىڭ خۇشخۇي، ساددا سۆزلىرىڭ...

ئاھ، سەھەرنىڭ ئوماق گۈزىلى،
ھىيلە ـ نەيرەڭ، پەرداز ساڭا يات.
ساڭا قولداش بۇلالماس ئەسلا،
ھۆرۈن كۆرپە سالسىمۇ قات ـ قات ...

مەجنۇنتالنى قويىدۇ، پەستە،
ئۆرۈم-ئۆرۈم تال-تال چاچلىرىڭ.
ئاي بۇلۇتلار كەينىگە مۆكەر،
خىجىل قىلىپ ئەگىم قاشلىرىڭ...

سەممىي سەن، ئىشچان ئاق كۆڭۈل،
بۇ ئاناڭدىن قالغان چىن ئۇدۇم.
سۆيگۈ گۈلۈڭ چاچار خۇشپۇراق،
ئىش قويىندا، چېلىشتا چوقۇم...

**خاتىمە**

تەبىئەتنىڭ خوجايىنلىرى،
سالامىمنى قوبۇل قىلىڭلار.
كېتەر بولدۇم، سەجدە قىلايمەن،
قول بېرىڭلار، يېقىن كېلىڭلار...

ئانا يۇرتىنىڭ تۇزانلىرى بار،
بويۇڭلارنى ئالاي باخاشلاپ.
ئاق تۇقاچنى پۇراپ سىلەردىن،
خەير – خۇش! دەي كۆزۈمنى ياشلاپ...

1992–يىل ئىيۇل، كېرىيە ئويتوغراق.

# لەۋلىرىم تىترەر تاتلىق تېخىچە ...

ئەجەب يادىمدىن چىقماس شۇ كېچە،
چۈشۈمدە جېنىم قالغىنىم كۆرۈپ.
لەۋلىرىم تىترەر تاتلىق تېخىچە،
ئاناردەك مەڭزىڭگە بىرىنلا سۆيۈپ.

ھەيرانىمان، شۇنىڭدىن بېرى ھەر كېچە،
ئۈيقۇ ئىزدەيمەن كۆزۈمنى يۇمۇپ.
ئەپسۇس
بىر كېسەل تاپتىم يېڭىچە،
تۈن بويى "ئاھ" دەيمەن ئۆرە ئولتۇرۇپ.

1992–يىل 19–ئۆكتەبىر، خوتەن.

# چىرا ئىلهاملىرى

* چاتما *

## مۇقەددىمە

ئەسسالام كەلدىم چىرا تەزىم بىلەن،
گۈل سۈپەت ھۆسنۈڭنى سەير ئەتكىلى.
قانچە يىللار تەلمۈرۈپ كەلگەندىمەن،
بىلمىدىم، ۋەسلىڭگە بىر رەت يەتكىلى.

تىلىكىم بولدى ئىجابەت ئاخىرى،
تۆت كىچە يۈردۈم سىنىڭدە بەزمىدە.
جۈپ قولىن بەردى دېھقانىنىڭ نادىرى،
تانىسىدا، ئايدەك گۈزەلمۇ بەزىدە.

ئايلىنىپ چىقتىم: چاقار، بوستان، نۇرى[1]،
قانچە دەريا، ساي، ئېدىر، دۆڭدىن ئېشىپ.

---

① چاقار، بوستان، نۇرى—چىرا ناھىيىسىنىڭ يېزىلىرى.

شۈندىمۇ ئوبدان ياسالغاچ تاغ يولى،
گۆر ئازابى كۆرمىدىم ئاھىم تېشىپ.

دامىكۇ[1]نىڭ بېغىدىن ئالما ئۈزۈپ،
تېتىدىم، جەننەت خىجىلكەن ئالدىدا.
قۇمغا قارشى پالۋاننى بىر كۆرۈپ،
ئۈيۈلۈپ تۇردۇم ئەجەبمۇ دالدىدا.

كۆرگىنىم كۆپتۇر، لېكىن يازماقچىمەن،
نەچچە مىڭنى بىرلا مىسراغا تىزىپ.
چىن تەپەككۇر كانىنى قازماقچىمەن،
مىس بولامدۇ ياكى ئالتۇن ئىش قىلىپ.

## ئاقباش كوئىنلۇننىڭ قىزاردى يۈزى

— بوستان يېزىسىدىكى دېھقانلارنىڭ 1170 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تــەشمىنى تېشىپ قاراسۇ دەرياسىنىڭ سۈيىنى ئاقساي دەرياسىغا مۇۋەپپەقىيەتلىك باشلاپ، سۇ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلغانلىقى ۋە 200 كىلوۋاتلىق سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇپ، جىن چىراغدىن قۇتۇلغانلىقىنى كۆرۈپ چوڭقۇر تەسىرلەندىم.

---

① دامىكۇ— چىرا ناھىيىسىنىڭ بىر يېزىسى.

* * *

مىڭ پەرھاد قايىل بوپ ئېگەر بېشىنى،
مىڭ شىرىن مەي سۇنار ۋىسال جامىدا.
شادلىقتىن قېرى ـ ياش تۆكەر يېشىنى،
تاغ تېشىپ قىلغان جەڭ تېخى يادىدا.

سەككىز يۈز كېچە ھەم كۈندۈز چېلىشىپ،
دېھقانلار تاغلارنى تىترەتتى ھەيھات!
ئاي، قۇياش نۆۋەتتە سالام بېرىشىپ،
دېيىشتى: ”بۇ ئۆزى ئادەمچە ھايات.“

ئۆزىنىڭ تەقدىرىن ئۆزگەرتتى ئۆزى،
ئۆملۈكتە، چىدامدا، يۈكسەك نىيەتتە.
ئاقباش كۇئىنلۇنىنىڭ قىزاردى يۈزى،
ھەر جوتۇ زەربىدىن قېلىپ ئۇ پەستە.

ئېگىز تاغ باغرىدىن ئويناقشىپ كەۋسەر،
ئارزۇ پىلتىسىغا ئوتلارنى ياقتى.
بوستاندا ئاتتى تاڭ، قۇتلۇق بىر سەھەر،
زوقلىنىپ قۇياشمۇ ھەۋەستە باقتى.

مەخمەلدەك يايلاقتا سايرايدۇ تورغاي،
ئىچۆككىن، ئاۋازى باشقىچە بۆگۈن.
قاراسۇ دەرياسى قىينىغا پاتماي،
ئېيتىدۇ: ”تاغ تېشىپ ئۆتتۆمغۇ پۆتۈن...“

*　*　*

ئاراقىر تېغىغا يۆلەندى مەغرۇر،
يۇرت تارىخىدىكى يېڭى مۆجىزە.
ئولتۇرماس بىر قۇياش تۆكمەكتە زەر ـ نۇر،
ھېچكىممۇ ئىشەنمەس ئەگەر كۆرمىسە.

ئەۋلادقا يول ئاچتى دېھقان قولىدا،
پەقەت شۇ ئۇپرىماس كەتمىنى بىلەن.
چولپانلار پارلىدى ئوك ھەم سولىدا،
ئۆيلەردە تېلېۋىزور ياڭرايدۇ بەلەن.

ئويغاندى بۇ زېمىن، ئويغاندى ئادەم،
ئېلېكتر دەۋرىگە قەدەم تاشلىدى.
ھەتتاكى ”ئاللەممۇ بوپ كەتتى مالەم“
ئىنتىلىش بىر يېڭى مۇقام باشلىدى:

مەشرەپتىن مەيدانىنى تالىشار تانسا،
ئاڭلىنار ۋە بەزى گىتارنىڭ ئۈنى.
قىز يىگىت خىيالدا يانمۇيان ماڭسا،
ئاھ، ھارام بولىدۇ بوۋايلار تۈنى...

ئۆسمۈرلەر تېلېۋىزور ئېكرانلىرىدىن،
ئۆزىنى كۆرىدۇ تۇغۇلغان كۈندە.
يالپۇزنىڭ تەبەسسۇم، سالاملىرىدىن،
ئەركىلەپ كۈلۈشەر جىمىكى ئۈندە...

* * *

خەير - خوش ئويغانغان ساي، ئېدىر، يايلاق،
بۈگۈندىن ئەتەڭنى كۆردۈم مۇپەسسەل.
قەد كېرىپ تۇرۇپتۇ ئانا تاغ شۇنداق،
ئاسماننى تىرەجەپ مەغرۇر، مۇكەممەل.

يۈزۈمگە سۈرتكۈم بار چاك - چاك قولۇڭنى،
ئاھ دېھقان! تىزلىنىپ يېنىش - يېنىشلاپ.
مىسرانى چاچقۇ قىپ بېزەي بويۇڭنى،
بىر سېنى كۈيلەشكە ئۆمرۈم بېغىشلاپ.

## چىرىلىق دوستلار

ئادەمنىڭ، يۇرتلارنىڭمۇ لەقىمى بار،
چىرىنىڭ "ئاچچىق ئۆرۈك"—نامى مەشھۇر.
بۇ سۆزدىن رەنجىمىگىن بىردەم گۈليار،
چاقچاقتىن كېلەر ساڭا تاتلىق ھۇزۇر.

ئەزەلدىن ھېرىسمەندۇر ئادەم دېگەن،
ئاچچىققا (تىلىنى تامشىپ تەكرار ئىچەر).
بارمىدۇ لىق بىر چىنە ھەسەل يېگەن؟
يوق چوقۇم، بۇنى بەلكى ھەممە بىلەر.

ئاچچىقنىڭ تېگى تاتلىق، ئىشقى تاتلىق،
بەھرىدىن جان ياشىرار ئاچچىق تەرنىڭ.
چىن سۆيگۈ ئازابلىرى شۇنداق ئاچچىق،
يۈرىكى شېرىن لەززەت ئالار ئەرنىڭ.

ئاچچىقتۇر يارنىڭ سوغۇق قاراشلىرى،
شۇندىمۇ يۈرەك تاتلىق گۈپۈلدەيدۇ.
رەقىبنىڭ كۈلۈپ ماڭلاي تاراشلىرى،
يۈرەككە دەرد بېرىدۇ، ئەت بەرمەيدۇ!

تەنقىدى ئاتا-ئانا، ئۇستازلارنىڭ،
ئاچچىقتەك بىلىنىدۇ، تېگى تاتلىق.
ئاغرىتىپ دېگەنلىرى چىن دوستلارنىڭ،
ھەرگىزمۇ سېزىلمەيدۇ يىرىك-قاتتىق.

چىرىلىق دوستلار شۇڭا تەگمەڭلار،
چاقچاقتا ئاچچىق سۆزنى تىلغا ئالسام.
چاقچاقنىڭ يوللىرىدىن ئەگمەڭلار،
يۈگۈرۈڭلار، مەيلىلا مەن كېيىن قالسام.

ماڭىمۇ دەپ تۇرۇڭلار ئاچچىق-ئاچچىق
گەپلەرنى، ئۇنىڭدىن كۆپ لەززەت ئالاي.
قەنت سېلىپ چاي قۇيماڭلار ماڭا تاتلىق،
ياخشىسى مەيخانىغا ئۆزۈم باراي.

## ئىزىمىز ئۆچمىسۇن ئالتۇن ماكاندىن

*　*　*

ئاھ چىرا،
قەدىمىي يۇرت ئانا ماكان،
قۇملارغا قانچىلىك بولدۇڭسەن ئەسىر؟

ئويلايمەن، ئويلايدۇ هەممە هەر قاچان،
نەلەردە قالدى ئېيت: نى ئالتۇن قەسر.

يۆتكەلدىڭ نەچچە رەت، باقتىڭمۇ ساناپ؟
خارابە، ئىزلارنى ئاختۇرۇپ كۆرۈپ.
پايانسىز ئانارلىق، ياڭاقلىق يوقاپ،
يۈرىكىڭ ئېچىشتى خىياللار سۈرۈپ.

نەۋرىلەر سورايدۇ كونا ئۆيلەرنى،
بوۋىلار چۆمۈلگەن كۆلچەكلەرنى هەم.
تارىخنىڭ شاهىدى—مۇڭلۇق كۈيلەرنى،
ئاڭلاشقا ئىنتىزار هەممىسى هەردەم.

*　*　*

كىچىكىپ ئەقلىڭنى تاپتىڭ، شۇندىمۇ،
تىزگىنلەپ قۇملارنى قۇچتۇڭ شان ـ زەپەر.
ئەجەلدىن قوغدالدى مۇنبەت تۇپراقمۇ،
ئارمانلار كۆكتە چاراقلاپ قەمەر.

نەچچە مىڭ رۇستەمنىڭ كۈچى دېهقان،
هالال تەر، زېهنىنى كەلدى ئايىماي.

يۇرت ئۈچۈن قايغۇرماي كەلگەن كىم قاچان؟
مىسالى بولۇشتى تاغدىكى قارىغاي.

تەتقىقات ئورنىمۇ ① قۇرۇلغاچ ئەمدى،
قۇملۇقتا خۇش ھىدىن چاچتى گۈل-چېچەك.
ئاھ بۇرۇن قانچە ئەر قۇملارغا يەمدى؟
تېگىرقاش ھۆكۈمران (گۈگگا كېلەچەك!)

ھە بۈگۈن سۈپۈرگى ئاخۇنىنىڭ نەسلى،
يەنە بىر ھۇجۇمغا تاقابىل تۇردى.
ئادەملەر بولغۇلۇق ئاشۇنداق ئەسلى،
(ئىشچانلار ئەجرىدىن باغلارنى قۇردى).

* * *

ئاپىرىن ئېيتىمەن ئەتىنى ئويلاپ،
ئىزىمىز ئۆچمىسۇن ئالتۇن ماكاندىن.
ئەۋلادلار كېلىشسۇن يولىمىز بويلاپ،
ئاھ ئۇزاق قونالغۇ، قەدىم زاماندىن.

---

① ئاپتونوم رايونلۇق پەنلەر ئاكادېمىيىسى قۇم تەتقىقات ئورنىنىڭ تەجرىبىخانىسى چىرا ناھىيىسىدە خىزمەت قىلىدۇ.

## دېھقان

قانائەت سەھنىسىدە ئەۋلىيا سەن،
پىر ـ ئۇستاز سېخىيلىقتا ھاتەمگىمۇ.
كەچمىشتە تومـ ـ تومـ كىتاب، ۋارىقىڭ مەن،
دۇچ كەلدىڭ تالاي كۆلپەت ـ ماتەمگىمۇ.

سۆرەيسەن قوشتىن چىقىپ ساپانىمۇ،
جەبرىڭنى ئانا تۇپراق كەلدى يۇدۇپ.
"ۋاي!" دېدىڭ بىرەر ئىشقا قاچانىدىمۇ؟
سوغ سۇغا قاتتىق نانىنى يەپ تۇگۇرۇپ.

دېھقان سەن چىدامىلىقتا يۈكسەك مۇنار،
كۆڭلۈڭنىڭ كەڭلىكىگە خىجىل ئالەم.
سەن بولغاچ يەر شارىدا ھاياتلىق بار،
ھاياتلىق ئىلاھى سەن ئۇلۇغ ئادەم.

## يەنىلا چىداشلىقكەن ئادەم دېگەن

چاي قۇيدۇڭ نە پىيالە، يۇرىكىمگە،
ئاھ گۈزەل، ئېرىپ كەتتى ياش ۋۇجۇدۇم.
بىر قىيا بېقىشىڭدىن قوي كۆزۈمگە،
چېھرىمگە قۇياش قوندى بىلسەڭ چوقۇم.

بۇلۇتقا مىنگىشىپ بىز لەرزانغىنا،
ئۇنتۇدۇق بۇ دۇنيانى ۋالىس بىلەن.
شۇڭغۇدۇق لىرىك ھېسقا ئاستاغىنا،
سۇس، غۇۋا چىراغ نۇرى خۇيمۇبەلەن...

تىترىدى ناخشىلارنىڭ سېھرى بىلەن،
ياش يۈرەك زىل تارىمۇ زەخمەك تېگىپ.
يەنىلا چىداشلىقكەن ئادەم دېگەن،
ئېغىزغا سۆزمۇ ئەجەب قالدى كېلىپ.

## خاتىمە

"قاشتېشى" جامىدا سۇندۇم ئالدىراپ،
چۇچۇمەل ھېسلارنى مىسراغا تىزىپ.
چىرىلىق كىتابخان باقسىڭىز قاراپ،
قەلىمىم كەتكەندۇ يولىدىن ئېزىپ.

كەچۇرۇڭ، شۇندىمۇ سوۋغىتىم ئۇچۇن،
ئىلھامىم بېغىدىن گۇلدەستە تۇتتۇم.
خام-ئاچچىق بولسىمۇ سۇنۇپ مەن بۇگۇن،
پىشقانىنى بېرىشكە قەسەمنى پۇتتۇم.

1993-يىل 27-ئىيۇل، خوتەن.

# پاياندار ناخشىلىرى

* چاتما *

## سەھرا يولى

تەك ئاستىغا پاياندازدەك يېيىلغان،
جەننەت يولى مېنىڭ سەھرا يوللىرىم.
ئىككى چېتى شاپتۇل، ئۆرۈك، ياڭاقلىق،
مېۋىسىگە سۇنسام يېتەر قوللىرىم.

كاككۇك، تورغاي، تومۇچۇقلار سايرىشىپ،
پاياندازلىق ئاشۇ يولغا باقىدۇ.
ئېرىقلاردا زىلال سۇلار تىنىمسىز،
يول ئەكسىنى باخاش ئېتىپ ئاقىدۇ.

”ئالتە پاي چاق“ غىرىلدىشىپ شۇ يولدا،
توختىماستىن مەنزىلىگە چاپىدۇ.
”تەيپۇنەمنىڭ ۋاقتى“دىكى كاتاڭ يوق،
سەپەرچىلەر شۇڭا ۋىسال تاپىدۇ.

دېھقان خۇشال يول ئالدۇ بازارغا،
بېسىپ ئاشلىق، پاختىسىنى هارۋىغا.
پۇللىرىغا ئات، كالا، قوي... ئالدۇ،
(قاراپ، قوتان لىق تۇرمامدۇ چارۋىغا!)

* * *

سەھرا يولى بەخت بەردى دېھقانغا،
چېھرى قۇياش، يۇرتى جەننەت، شادىمان.
بۇ يوللاردا ئۇلار يۈرۈش قىلماقتا،
چەت يېزىدىن كەڭ جاھانغا خىرامان.

## تاغ يولى

تاغ يولىنىڭ خەتىرى كۆپ شۇ قەدەر،
ئېگىز چوققا، ئويمانلاردىن ئۆتىدۇ.
ئاستىڭىزدا كۆز يەتكۈسىز چوڭقۇرلۇق،
پۇت تېيىلسا سىزنى ئەجەل كۈتىدۇ...

تەبىئەتنى باش ئەگدۈرۈپ، ياسالدى،
تاغ يوللىرى تاغلىقلارنىڭ قولىدا.
ئامەت، تەلەي قۇچاق ئاچتى شۇڭلاشقا،
ئۇلارنىڭ هەر باسقان قەدەم يولىدا.

ئەنە، قاراڭ، ماشىنىلار قاتنايدۇ،
ئىلگىرىكى ئات، ئېشەكنىڭ ئورنىغا.
تېرە، يۇڭلار تاۋار – پۇلغا ئايلانغاچ،
زۇننار ئاستى تاغ قىزلىرى بويىنىغا.

قىش، ياز ئوخشاش ئېغىز تەگدى تاغ خەلقى،
يېڭى سەيگە، يېڭى تۇرمۇش باشلىنىپ.
بىر ھېسابتا شەھەر كۆچتى بۇ يەرگە،
كونا – قالاق ئادەت – يوسۇن تاشلىنىپ.

بۇ ئەمەسمۇ يولنىڭ ئەلگە ھىممىتى،
تاپالايدۇ، خەجلەيدۇ ھەم پۇلنىمۇ.
يانچۇقىدا پۇلى تۇرۇپ قورساق ئاچ
زامان يوقاپ، كۆلدۈردى باي، تۇلنىمۇ...

شەھەر يولى، جەننەت يولى – تاغ سەھرا،
مەست قىلىدۇ مېۋە ھىدى دىماقنى.
يوللار كۈشاد، دىللار كۈشاد، كۆڭۈل شاد،
يېقىن قىلغاچ يول مەنزىلنى—يىراقنى.

## شەھەر يولى

تار، پاتقاق، بىر چاغدىكى شەھەر يولى،
يوق بۈگۈن، ئاسفالت يول ئېتەك ئاچقان.
پاكىزە كوچىلىرى چېچەكزارلىق،
مەينەتلىك، سېسىقچىلىق يىراق قاچقان.

يۈلتۈزلار قونار يەرگە ئاخشاملىرى،
تولۇن ئاي ھەۋەس بىلەن تويماي باقار.
پىكاپلار سىگنال بېرىپ لەرزانىغا،
يول ئالار قارارگاھقا قاتار ـ قاتار.

قىزىيدۇ يولدا بازار ھەر كۈنى كەچ،
پاھ، ئۇنىدىن ھەممە نەرسە تېپىلىدۇ.
ئۇستامنىڭ سۆزى تاتلىق، خېرىدارلار
پولۇغا بەس ـ بەس بىلەن يېپىلىدۇ.

ئېھ شۇ يول — سودا يولى، بېيىش يولى،
بوي سوزدى ئۇنىدا ئېگىز ئىمارەتلەر.
دوقمۇشتا گىرەلەشكەن بوتكىلاردا،
ئاقىدۇ تۇرلۇك ـ تۇمەن تىجارەتلەر.

شەھەردە، ئاشۇ يولدا سەھرايىمنىڭ
نېمىتى غىدىقلايدۇ دىماقلارنى.
يۇرت خۇشال، دېھقان خۇشال، ھەممە خۇشال،
دېمەك يول يېقىن قىلدى يىراقلارنى.

## يول پاياندار بولدى ئىنسان بەختىگە

قانچە ئېگىز تاغلار تىترەپ باش ئەگدى،
شىر يۈرەكلىك ئىشچىلارغا يول بېرىپ.
تەبىئەتكە ئۆزلىرىنى تونۇتۇپ،
ئۆتتى ئەنە تاغنى تېشىپ، يول بېرىپ.

بىر چاغدىكى بەگۋاش سۇدىن قارىسام،
ئۆتەر بۈگۈن ماشىنىلار تېز، راۋان.
تاغلىقلارغا بولدى كاتتا توي، بايرام،
زامانىۋى كۆۋرۈك پۈتۈپ بىر ئوبدان.

يول ئىشچىسى ھالال ئەمگەك، ئەجرىدىن
ئويغاندى بۇ ئانا زېمىن شادلىنىپ.
ھەتتا قۇشلار كېلىپ يىراق يۇرتلاردىن،
رەھمىتىنى بىلدۈرۈشتى سايرىشىپ.

شاۋقۇن سالار دەريا سۈيى تىنىمسىز،
خۇشلۇقىدا ئۇنچە چىچىپ ھەر يانغا.
قۇلاق سېلىپ مەنىسىنى بىلسىڭىز،
مىڭ تەشەككۇر! دەيدۇ كۆۋرۈك سالغانغا.

يول ياسىدى جىرالاردا ئوغلانلار،
ئۇستىۋاشلىرى چاڭ ـ توزانغا كۆمۈلۈپ.
ساۋاب تاپقان ئىشچانلارنى خەلقىمىز،
ئالقىشلىدى ھاياجانغا چۆمۈلۈپ.

ئاشۇ ئاددىي ئادەملەرنىڭ قەلبىدە،
بۈيۈك ئارزۇ يۇلتۇز كەبى پارلايدۇ.
ئۇلار خىزىر، بىلسەڭ دوستۇم ئەسلىدە،
جۈپ قولىدىن ئەلگە بەخت تارايدۇ.

كۆمۈش لىنتا تۇتاشتۇردى تاغلارنى
شەھەرلەرگە (كۆرۈپ ھەيران قالىسىز).
بازارغىمۇ يۆتكەپ كىردى باغلارنى،
مېۋىلەردىن ھۇزۇر ئېلىپ يانىسىز.

يۇرتىنىڭ نامرات قالپىقىنى تاشلاشتا،
يول پاياندازبولدى ئىنسان بەختىگە.

يوللار راۋان، شوُڭا خەلقىم ئىشچىنى
چىقىرىشتى چىن ھۆرمەتنىڭ تەختىگە.

## يول ئوغلىمەن

يول ئوغلىمەن، يولدا توُغۇلغان،
يۆگەك بولغان قوُم-شېغىل، جەزىر.
ئاتام ئەسلى يولنىڭ ئاتىسى،
ئوُ ھۆرمىتىم تەختىدە خىزىر.

مەيلى توموُز، مەيلى زىمىستان،
كەتمەن، گوُرچەك چوُشمەس قولوُمدىن.
ئوُچار قوُشموُ ماكان توُتمىغان،
چۆللەر گوُلزار بولدى يولوُمدىن.

يول ئوغلىمەن، ئەلنى سۆيىمەن،
يولسىز كىملەر ئاشقانتى داۋان؟!
موُھەببىتىم پاياندار بولوُپ،
"مەرھابا" دەر ئەنە ھەر قاچان.

شوُڭا خەلقىم ئىللىق مېھرىدە،
قويوُن ئاچار "كەلگىن بالام" دەپ.

نەۋرە-چەۋرەم قولىدا گۈرجەك،
ئىزىم بېسىپ تەر تۆكەر كۈچەپ.

يول ئوغلىمەن، يۇمۇلسا كۆزۈم،
ئېڭىكمنى يولدا تېڭىلار.
جىنازىدىن غەم يېمەي دوستلار،
ئۆتكەمگە سېلىپ مېڭىڭلار.

1992-يىل 4-ئاۋغۇست، چىرا دامىكۇ.

# دېرىزەڭنى مەن چېكەي

دېرىزەمنى چەكمە ئەمدى، بولدى قىل،
ئاھ باھارنىڭ تۇنجى ياغقان يامغۇرى.
ماڭا تېخى باھار بالدۇر، تالا سوغ،
بىخ سۇرمىدى دىل بېغىمنىڭ چامغۇرى.

دېرىزەمنى چەكمە ئەمدى بولدى قىل،
ناز - كەرەشمەڭ ماڭا بالدۇر، بەك بالدۇر.
چوڭ بوپ قالدىم، ئالدىنىپمۇ يۈرمەيمەن،
ئىشەنمىسەڭ تەقدىرىمگە پال سالدۇر.

دېرىزەمنى چەكمە ئەمدى بولدى قىل،
دېرىزەڭنى ئەڭ ياخشىسى مەن چېكەي.
باھار ئەمەس، قارا قىشتا سېنى دەپ،
كەڭ دالانى، قار-مۇزلارنى مەن كېچەي!...

1994-يىل 10-ئىيۇل، خوتەن.

# چىنار پادىشاھى

— قاراقاش ناھىيە ئاقساراي يېزىسىدىكى "چىنار پادىشاھى" دەپ تەرىپلەنگەن 800 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە چىنار دەرىخىنى كۆرۈپ...

سەككىز يۈز جۇت، تومۇز ئۆتتى بېشىڭدىن،
تاغ كەبى تىسمەتكە بىر ئۆزۈڭ گۇۋاھ.
قانچىلاپ دەريالار ئاقتى بېشىڭدىن،
بىلمەيمىز بىز پەقەت بىلگۈچى ئىلاھ.

سەككىز يۈز يىل، شۇنداق مەغرۇر ياشىدىڭ،
تۇپراقنى قامالاپ، كۆكنى تىرەجەپ.
ئاھ تالاي يوپۇرماق، قوۋزاق تاشلىدىڭ،
باتۇرلار يىقىلسا يىغلاپ ئىسەدەپ...

سەن شاھىد بۇ يۇرتنىڭ كەچمىشلىرىگە،
ئاھ قانداق سىغدۇرۇپ بولغانسەن ئۇنى؟
رازى بوپ كەلگەنسەن پەرۋىشلىرىگە،
كىملەرنىڭ (ئاھ بۇگۇن بىلسەمچۇ شۇنى؟...)

قايسى بىر ئۇلۇغ زات تىككەنكىن سېنى،
بىلەمسەن قەبرىسى قەيەردە ھازىر؟
ۋە ياكى ئۇنىڭكى ئەۋلادى قېنى،
بىر نېدا بىلەنلا قىلساڭچۇ زاھىر؟...

يۇرت ئۈچۈن جان ئۈزگەن مەردنىڭ ياكى سەن
قېنىدىن ئۈنگەنمۇ تۇرۇپسەن يۈكسەك!
ئاھ قانداق كۆنلەرنى كۆرەر ۋەتەن دەپ،
مېھرىڭنى ئۈزەلمەي ياشساڭ كېرەك!

سەككىز ئەسىر ئاشۇنداق ئۆتتۈپسەن تووا،
ئانا يەر باغرىنى سۆيۈپ، باخاشلاپ.
دۇنيادا سەن كەبى چىنار يوق گويا،
چىناردەك ياشىغان قەددىنى رۇسلاپ.

شۇڭىمۇ سۆيۈنۈپ سېنىڭدىن قەۋەت،
چاك-چاك جىسمىڭغا مەگزىمنى يافتىم.

ئەجدادىم ھىدىنى پۇراپ، ئاھ بىر رەت،
سىغىنىش ئىچىدە سىماپتەك ئاقتىم.

ئويلايمەن: چاك ــ چاك يېرىقلار ئەسلى،
قىسمەتتىن، كۆز ياشتىن بولغانمۇ ھاسىل.
گەر شۇنداق بولسىدى، ئۇنىڭمۇ پەسلى،
كېپ قالدى، ئاڭلاشقا بولسامدىم نائىل.

* * *

ئاھ چىنار، ئۇمىدىم ياشىغىن ئۇزاق،
مىڭ ئەسىر، ھەتتاكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق.
بىزلەرمۇ دەرد چەكتۇق تاشلاندۇق قانداق،
شاھىد بول نېمىدىن ئالدۇق ھەم تارتۇق؟...

شاھىد بول بۇلارغا ئۆزۈڭلا پەقەت،
ئەۋلادلار سېنىڭدىن بىلسۇن ھەممىنى.
ئويلايمەن: تىلىڭمۇ چىقار ئاقىۋەت،
ئاھ شۇ چاغ يېنىڭىن ئويغاتقىن مېنى.

* * *

سەككىز يۈز جۇت، تومۇز ئۆتتى بېشىڭدىن،
تاغ كەبى قىسمەتكە بىر ئۆزۈڭ گۇۋاھ.

قانچىلاپ دەريالار ئاقتى بىشىڭدىن،
بىلمەيمىز بىز پەقەت، بىلگۈچى ئىلاھ!...

1995-يىل 25-ئىيۇل، قاراقاش.

# قاراقاش گۈزىلىگە

قاراقاش،قارا كۆزلۈك ئوماق دىلبەر،
ئالدىڭدا بەكمۇ ناقىس مەن ۋە قەلەم.
چېھرىڭدۇر قۇياش چىققان نۇرلۇق سەھەر،
بىر قىيا بېقىشىڭدىن چەكتىم ئەلەم.

كۆزۈڭنى كۆرگەن ئاھۇ،قان،ياش تۆكۈپ،
ھەسەتنىڭ چۆللىرىدە بولدى سەرسان.
چېھرىڭنى ئاي ھەم قۇياش قالغاچ كۆرۈپ،
ئىزادىن نۆۋەت بىلەن چىقار بۇ ئان.

تۇرقۇڭنى كۆرۈپ قىلىپ ۋىناس،تووۋا،
ئاھ! بىلەن يىقىلغاندا سۇندى قولى.

سەن سۆيگۈ پەرىشتىسى - هۆر سەن گويا،
كېلەلمەس ۋىناسمۇ تەڭ ،ساڭا غۇلى.①

قاراقاش گۈزىلىسەن،سەرۋى سۈپەت،
توم قارا چېچىڭ يەرنى سۆيۈپ كېلەر.
نە يەر ئۇ يۇرەكلەرگە تېگىپ هەر رەت،
قانچىلاپ پەرهاد سەندىن سۆيگۈ تىلەر.

مېنىمۇ ئەسىر قىلدىڭ،ئىلاجىسىز،
قىيالماي،دىلدا ھەسرەت قايتتىم ئاران.
يۇرەككە ئوتنى سېلىپ ئاھ ئوماق قىز،
"خوش!" دېدىڭ،كۆرۈشەرمىز ئەمدى قاچان؟!...

1995-يىلى 26-ئىيۇل، قاراقاش.



① غۇلى — خوتەن شېۋىسىدە مۇتلەق، ھەرگىز... دېگەن مەنىلەردە.

# ۋەتەن ئىشقى

تاغلىرىڭغا گىرە سىپ ۋەتەن،
تويماي-تويماي سۆيگۈم كېلىدۇ.
باغلىرىڭدا شوخ ئاھۇ مسال،
گۈل ئىچىدە يۈرگۈم كېلىدۇ.
دېڭىزىڭغا چۆمۈلۈپ خۇددى،
بېلىق كەبى ئۈزگۈم كېلىدۇ.
قۇملىرىڭنى باخاشلاپ يۇراپ،
قەسىدىلەر تۈزگۈم كېلىدۇ.

1994-يىلى 1-سېنتەبىر، خوتەن.

# ئۆزگىچە خۇلق-نازدا كەلدىڭ باھار

باشقىچە تەبەسسۇمدە كۈلۈپ كەلدىڭ،
باش باھار قەلبىمگە خۇش ھىدنى چېچىپ.
زىمىستان جۇتلارنى ھەم سۈرۈپ كەلدىڭ،
ئەگىزمۇ ئاقار يەرگە لەۋنى يېقىپ.

زېمىننى يېپىككىنە غىدىقلاپ ھەم،
ئويغاتتىڭ، قىش ئۇيقۇسىنى ئاچتى ئەنە.
يەر ـ ئانا، دەل-دەرەخلەر بولدى كۆركەم،
قار بوۋا بولالماستىن قاچتى يەنە...

ئېتىزلار يېشىللىققا پۈركەندى پاھ!
باللار بېدە كۆكى تېرەر يايراپ.
قۇشلارمۇ لىرىك كۈيدە سەكرىشىپ گاھ،
كەڭ دالا ـ جەننىتىدە ئۇچار سايراپ.

ئۆزگىچە خۇلق-نازدا كەلدىڭ باھار،
جانلىققا يېڭى ھايات بەخش ئېتىپ.
ماڭىمۇ ئالەمچە ھېس بەردىڭ باھار،
ئىجادىم چېچەك ئاچار پەسلى كېلىپ.

1995-يىلى 1-ئاپرېل، خوتەن.

# ئۈزۈلمەس ناخشىمىز

ئۇتلۇق ھېسسىن تۇغۇلار ناخشا،
ئۇ شۇڭلاشقا ئەبەد ئۈزۈلمەس.
ناخشا دىلنىڭ ياڭراق ساداسى،
ئالەم،ئادەم ئۇنىڭسىز كۈلمەس.

ناخشا ئېيتتۇق ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد،
بەزمىلەردە، ئۇزۇن سەپەردە.
ئەقىدىنى ئۇلۇغلاپ كەلدۇق،
ناخشىمىزدا ھەربىر قەدەمدە.

جاراڭلىسۇن ياڭراق ناخشىمىز،
شانىمىزنى كۈيلەپ ماڭايلى.
ئۈزۈلمىسۇن ناخشىمىز ئەبەد،
ناخشا بىلەن بىللە ياشايلى.

1995-يىلى 6-فېۋرال ،كىرىيە ئارىش.

# ئىككى غەزەل

* 1 *

يېشىللىق تونىنى كىيدى ئانا يەر زەپ گۈزەل بۇ دەم،
ئەنە قىرلاردا شوخ قۇشقاچ ئۇقار ناخشا-غەزەل بۇ دەم.

ئېرىق ئۆستەڭدە ئويناقشىپ ئاقار كەۋسەر - زىلال سۇلار،
ئېتىزدا ئالدىراش دېھقان هالال تەرلىرى سەل بۇ دەم.

سۆگەت نوتىسىدىن سۇناي ياساپ شوخ باللار بەس-بەس ،
چېلىپ قانداقتۇر بىر كۈيگە، دېگەي ”ئويناپلى كەل بۇ دەم“...

باهارنىڭ تەپتىگە ئوخشاش، كىشىلەر كۆڭلى نۇر ئاپتاپ،
ئىناقلىق، بەختىيار تۇرمۇش ئۇچۇن بېرەر بەدەل بۇ دەم.

دىلى ئالەمچە شادلىقتا،يېڭىنى تۇردى تەشنائى،
ئىجادنىڭ بېغىدىن شىرنە يىغىپ بەرگەي هەسەل بۇ دەم.

*2*

قانچە ھۇرۇن ئويغىنىپ دەس تۇردى ئەمگەك سەن بىلەن،
قانچە سەرسان تەر تۆكۈپ ئۆي قۇردى ئەمگەك سەن بىلەن.

نەچچە يىللار قاغجىراپ ياتقان جەزىرە بىر يولى،
ئايلىنىپ گۈلشەنگە ھەممە، كۈلدى ئەمگەك سەن بىلەن.

بەختىنى تاپتى سىنىڭدىن مېھنەتنى سۆيسە كىم ئەگەر،
چىن ياشاشنىڭ پەيزىنى سۈردى ئەمگەك سەن بىلەن.

سەن شۇڭا جاندىن ئەزىز جانلىق ئۈچۈن،تەشنائىمۇ،
ماڭلىيىدىن تەر تۆكۈپ ئۈزدى ئەمگەك سەن بىلەن.

1995-يىلى 10-ئاپرېل،خوتەن.

# گۈزەل پەرى بىلەركىن قاچان!...

تونۇش پۇكەي، تونۇش گۈزەل قىز،
قارشى ئالار ھەر قېتىم كەلسەم.
نە پۇل، بەلكى كۆڭلۈم-يۈرىكىم،
ئامانەتتە قاپتۇ ئاھ...بىلسەم.

"ياخشىمۇسىز،خۇش كەپسىز!..."دېگەن،
چېھرى قۇياش،گۈزەل ئۇز جانان.
"كەچۈرسىز ساقلىتىپ قويدۇق"...
دەپ يېقىملىق يەر تامان باققان.

"كېپ تۇرارسىز!"دېگەچ خۇش كۈلۈپ،
قالار قىزچاق ئالدىراش يەنە.
ئۆز پۇلۇمنى ئالسامۇ گەرچە،
ياش يۈرىكىم قىلار تەنتەنە...

ئىسمى نېمە؟ بىلمەيمەن لېكىن،
پەزىلىتى بەش قولدەك ئايان.
ئامانەتتە قويدۇم كۆڭلۈمنى،
گۈزەل پەرى بىلەركىن قاچان؟...

1995-يىلى 20-ئاپرېل،خوتەن.

# هېيت بۈگۈن

دىللاردا هاياجان، شادلىق چايقىلار،
هەر قەلب ـ بىر دەريا كۆۋەجەر شۇ تاپ.
سامانى تىترىتەر سۇناي،ناغرىلار،
ئايەمنىڭ كۆلكىسى هەممىنى يوقلاپ.

هېيت بۈگۈن مۇبارەك قۇتلۇق كۈنىمىز،
ئۆي-ئۆيدە شاد كۈلكە،يوللاردا چاقچاق.
ئادەملەر هۆسنىدىن توزنى كۆرىمىز،
چېھرىدە كۈلىدۇ قۇياش گەر باقساق...

قىزلارنىڭ بوينىغا كۆچتى يۇلتۇزلار،
يىغلايدۇ ۋېناسمۇ چېكىپ دەرد-پىراق.
كۆڭۈلنى ئوۋلايدۇ شۇ مەھەل ئۇزلار،
يىگىتلەر تولغىنار ئۇيقۇدىن يىراق...

خىزىردەك بوۋايلار-مۇمايلار بۇ دەم ،
"شۈكۈر"دەر بۈگۈنگە ـ كۆرگەن كۈنىگە.

نەۋرىلەر ئاراملىق بەرمەيدۇ بىر دەم،
ئالەمچە شادلىق جەم ئۇلار ئۆيىگە.

ئازار ھەم غەشلىك يوق كۆڭۈلدە بۈگۈن،
چاي سۇنار ئۆز ئارا ئەپۇ قىلىشىپ.
كۆزلەردە بەخت بار (بولمسۇن نېچۈن؟)
كېلىشسە ئادەملەر يول،قول بېرىشىپ.

ھېيت بۈگۈن چوڭلارنى يوقلار باللار،
شۇ غېرىپ كۆلبىدە ھاياتلىق كۈيى.
سالامغا كېلىشلەر توپ-توپ شاگىرتلار،
لىق تولار ھۆرمەتكە ئۇستازنىڭ ئۆيى.

"ئەسسالام،ھېيتىڭىز مۇبارەك بولسۇن!"
دېيىشەر ناتونۇش ھەمدە دوست-ئاداش.
"نامرات ئۆيگىمۇ بەرىكەت تولسۇن"
دەپ ئىللىق نۇرىنى تۆكمەكتە قۇياش.

1996-يىلى 5-فېۋرال،خوتەن.

# ئۆملۈك ناخشىسى

*　　*

ئاسماننى تىرەجەپ تۇرغان شۇ تاغلار،
تىترىدى ئۆملۈكتىن،ئەگدى بېشىنى.
كەل دەيدۇ جەزىردە گۈللىگەن باغلار،
(توپىدىن ئايرىلغان تۆكەر يېشىنى...)

يۈگەنسىز ئات كەبى چاپقان كەلكۈنمۇ،
ئۆملۈكتىن تىزگىنى تارتىلدى شۇ تاپ.
"ئادەملەر شۇ سۇدا ئويناپ ئۈزدىمۇ؟"
دەپ قالماڭ،ئۇيۇشقاچ قالماس تېگىرقاپ.

"ئەجەب ئىش: ياۋاشلاپ قاپتىغۇ يولۋاس؟"
دېمەڭسىز،يۈرمەمدۇ تەنها،بىچارە.
چۈمۈلە جېنىدا سەپتىن ئايرىلماس،
ياشاشقا بىرلىكتە ئىزدىشىپ چارە...

بۈلۈتقا باش قويغان مەزمۇت بىنالار،
تاش،شېغىل،كېسەكتىن...پۈتكەنغۇ ئەسلى.

گەر ئۇلار ئاجرىسا قىسمەت نە بولار؟
روشەنكى،گۈمۈرۈلۈپ تۈگەيدۇ ۋەسلى.

*　　*

بوۋىلار ئۇلۇغدۇر،ئەجداد مۇقەددەس،
ئۇلارنىڭ تەلىمى بىزگە تۇتىيا.
يالغۇزلار ۋىسالسىز يۈردى بەكمۇ تەس،
گۈل-گىياھ ئورنىغا ئۈندى شۇمبۇيا...

ئۇيۇشقان شان-زەپەر قۇچتى ھەر ۋاقىت،
ئايرىلغان بۆرىگە يەم بولدى توۋا...
شۇ ئۇزۇن قان-ياشلىق تارىختا پاكىت،
تۇرامدۇ؟ بۇنىڭغا يەر -ئاسمان گۇۋاھ...

قاچانكى بۆلۈنۈش بولدى،ئاشۇ چاغ،
ئاۋامنىڭ بېشىغا ياغدى زور ئاپەت.
چۆللەرگە ئايلاندى جەننەت كەبى باغ،
خارلاندى ھەقىقەت، ھەتتا مۇھەببەت.

قاچانكى ئىناقلىق يۈز ئاچتى بىزگە،
ئاشۇ چاغ بەختنى كۆلدى دىلىمىز.

قول تۇتۇپ چىلىشقا چۈشكەندە بىرگە،
بىر خورغا جور بولدى ھەر خىل تىلىمىز.

*　　*

تاغلاردىن ئېغىر،كۆپ كۆلپەتتىن بۇگۈن،
ئويغىنىپ ئالايلى ئاچچىق ساۋاقنى.
ئۆچەكەپ ئۆتمەيلى (كۆڭۈلدە تۇگۈن)،
تاشلايلى بىزدىكى يامان ئاتاقنى.

ئىناقلىق،چىن ھۆرمەت بىلەن بۇ دۇنيا،
نەقەدەر سۆيۈملۈك، ئادەملەر گۈزەل.
ئۆز ئارا ئورنىنى كولاپ يوللارغا،
ئۆتكەن شۇ پەسكەشلىك تۇگىسۇن تۇگەل.

مۇرىنى-مۇرىگە تىرەپ تەر تۆكۈپ،
ھەتتاكى مارسقا قىلايلى سەپەر.
بىر ئورتاق غايىنى دىللارغا پۈكۈپ،
ياشايلى ئۆملۈكتە كۈلسۇن ئاي،قەمەر...

1997-يىلى 13-ماي،خوتەن.

# ئەسسالام، يىپەك يۇرتى

ئەسسالام گىلەم، ئەتلەس ماكانى لوپ،
ئەدىبكە ئىللىق قۇچاق ئاچتىڭ بۈگۈن.
ئەسسالام كۆڭلى دەريا ئىشچان خەلقىم،
بىزلەرگە كەڭ داستىخان سالدىڭ بۈگۈن.

كۆردۈمەن سالا-سالا ئىتىزلارنى ،
پۈركەنگەن يېشىللىققا ئەجەب كۆركەم.
كۆردۈمەن ،ئاددىي،ئۇلۇغ ئادەملەرنى،
هۆرمەتتە سالام بىرىپ نەچچە مەرتەم.

كۆردۈمەن ئادەملەرنىڭ ئەجرى بىلەن
گۈللىگەن جەننەت خىجىل باغلارنى هەم.
چىن سۆيگۈ پىچىرلايدۇ قايىل بولۇپ،
پاك تەردىن كۈلەر ئادەم ،گۈزەل ئالەم.

بىلىمەن سامپۇل،باغداد قەبرىلىرىدىن،
ئەجدادلار ئېتىقادى ،تىلىكىنى.

قان-ياشتا ئارمان بىلەن كەتكەن ئۇلار،
تولدۇرماي ئۆنچىلەرگە ئىپتىكىنى.

قۇچاقلاپ تارىخ،قىسمەت ،ئىستەكلەرنى،
ئاقسىپىل شەھىرى ياتار تىنچ بۇ دەم.
يوقلىدىم تەزىم بىلەن تاۋاپ قىلىپ،
قەلبىمدە داۋالغۇدى ھۆرمەت شۇ دەم.

گۈپۈلدەر ئەجداد ھىدى بۇ تۇپراقتىن،
بىلمەن،ئۆتكەن سانسىز ئاقىل،پالۋان.
يۇرتىنى،ئەقىدىنى قوغداپ مەھكەم،
ياۋ بىلەن چېلىشقانتى تۆكۈپ تەر،قان...

كۆردۈممەن،ئۆتمۈش،بۈگۈن،ئەتىسىنى،
بۇ يۇرتنىڭ جامالىدىن سۆيۈنۈشتە.
ئاڭلىدىم خىزىر سۈپەت دېھقانلارنىڭ،
كۈلكىسى ،ئىستىكىنى كۆيۈنۈشتە...

ئادەملەر ئىلھام بېرەر ئىجادىمغا،
گاھ كۈلسەم،گاھى ئۆكسۈپ ياش تۆكىمەن.
باخاشلاپ مۇنبەت تۇپراق،مۇشۇ يۇرتنى،
ئۇلۇغلاپ ئوتلۇق ناۋا-كۈي تۆكىمەن.

ئاھ!قەدىم يىپەك يولى،ئىشەن ماڭا،
ئۆمىدىم،ھېسسىياتىم دولقۇن ياسار.
ئوبرازىڭ قەلىمىمدە جۇلالىنىپ،
بىر گۈزەل نۇرلۇق تاڭغا قاراپ چاپار!...

1997-يىلى 12-سېنتەبىر، لوپ.

# ئېگەركەن تەبىئەتمۇ ئادەمگە باش

— يۇرۇڭقاش دەرياسى ئېلىپىشى قۇرۇلۇشىنى زىيارەت قىلىپ، چوڭقۇر سۆيۈنۈش ئىچىدە قولۇمغا قەلەم ئالدىم.

سۆيۈنۈش،ھەيرانلىقتا قالدىم قاراپ،
بەڭۋاش سۇ بەكلا ياۋاش ئاقار بۈگۈن.
ئاپەتلەر ئامەتلەرگە بەرگەچ ئورۇن،
يېشىلدى تالاي قىسمەت،سىرلىق تۈگۈن.

ھەيۋەتلىك بېتون كۆۋرۈك تۇرار مەغرۇر،
شىددەتلىك كەلكۈن ئۇنى تەۋرىتەلمەس.

بۇنچە زور جاسارەتنى، كارامەتنى،
بەرگەن شۇ ئادەم نېچۇن خۇشال كۇلمەس؟!...

رەسىمگە چۈشتۈم مەنمۇ ئىپتىخاردا،
ئاستىمدا ھەيۋەت كەلكۈن نەرە تارتار.
ساپ ھاۋا سۆيۈندۈردى جانلىرىمنى،
تەپەككۇر قۇشۇم ئەركىن پەرۋاز قىلار.

يۇتقانتى يىرتقۇچلاردەك،ئادەملەرنى،
بىر چاغلار مۇشۇ دەريا شاۋقۇن سېلىپ.
قان-ياشتىن،ئاھۇ زاردىن دولقۇن ياساپ،
يۇرتقا زور ئاپەت،قازا كەلگەن ئېلىپ...

ساناقسىز مۇنبەت ئېتىز لاي ئاستىدا،
قالغانتى بىر كېچىدە (نېمە ئامال؟...)
ئاجىزنىڭ ئۆي،جېنى ھەم ماللىرىغا...
رەھىمسىز قۇچىقىنى ئاچقان زاۋال...

لوپلۇقلار ئۆزگەرتتى شۇ قاباھەتنى،
تىزگىنلەپ بەگۋاش سۇنى قۇچتى نۇسرەت.
ئېگەركەن تەبىئەتمۇ ئادەمگە باش،
بولسىلا يۈكسەك ئۇمىد،تاغدەك غەيرەت.

بۇ هالدىن كۆردۇم لوپنىڭ كەلگۈسىنى،
گۈللىنىش بەخش ئېتەر ئانا دەريا.
نامراتلىق يوقاپ،كۈلەر ئەزىز خەلقىم،
يەر ئەمەس،
ئايدا مەشرەپ ئوينار گويا...

1997-يىلى 13-سىنتەبىر،لوپ.

# ياش تۆكمەكتە خوتەن تارىخى

(پىشقەدەم تارىخچى، شائىر مۇھەممەت ئابدۇللا بەگ ھاجىنىڭ ۋاپاتىغا ئاتاپ )

* 1 *

نېمە بولدۇم كەيىم باشقىچە،
ئېچىشىدۇ يۈرىكىم ئەجەب.
كۆك ئاسماندىن تۆكۈلدى يامغۇر،
قارا قۇرۇم قالدىغۇ پەسلەپ.

يىغان بىلەن تولغىنىپ ئاقار،
ئانادەريا-يۇرۇڭقاش سۇيى.
كۆكتە قۇشلار قىلمايدۇ پەرۋاز،
نەلەرگىدۇ يوقالدى كۈيى...

ئىلچى غەمگە پاتتى مۇشۇ تاپ،
قايغۇ ئاقار ”گۈلباغ“دا بۈگۈن.
كۆڭۈللەردە ھەسرەت بۇقۇلدار،
ئالماشقاندەك كۈندۈز بىلەن تۈن...

* 2 *

ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغاندىم،
شۇم خەۋەردىن كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ.
خوشلاشمايلا كېتىپسەن بوۋا،
ئەسلى كۆڭلۈم قاپتىكەن تۇيۇپ.

كەمتەر خۇلقۇڭ ،نۇرلۇق چىرايىڭ،
ھازىرقىدەك ئېسىمدە تېخى.
ھۆرمەت بىلەن كۆرۈشكەن نەچچە،
ئوزۇق ئېلىپ ئىجادىم بېغى.

تاشلىمىدىڭ شۇ ياشقا كېلىپ،
قەلىمىڭنى،ئىزلار ئاختۇرۇپ.
يەڭگىل تىلدا نەزمىلەر تۈزدۈڭ،
تەپەككۇرنى ئەركىن چاپتۇرۇپ.

ھالال ياشاپ ئۆتتۈڭ بىر ئۆمۈر،
تاغدەك قىسمەت كەلسىمۇ باشقا.

ئىجادىڭدىن تاپتىڭ خۇشاللىق،
ئۆلگە بولۇپ ئەۋلادقا، ياشقا...

بۈگۈن مانا قارىلىق تۇتۇپ،
ياش تۆكىدۇ «خوتەن تارىخى» ①
ياش تۆكمەن مەنمۇ ئاھ ئۇرۇپ،
كاج تەقدىرنىڭ كەلگەچ تارلىقى.

قەبرەڭدە ئاھ،تۇردۇم سۈكۈتتە،
يۈرىكىمدىن تۆكۈلۈپ ئۈنچە.
نىمە ئامال،پەقەت دۇئاغا
قول كۆتۈردۈم مۈگىلىنىپ شۇنچە.

تىنچقىنا ياتقىن جان بوۋا،
قەلىمىڭنى ئالدىم قولۇمغا.
ئىزىڭ بىسىپ،خەلقىم دەپ مەنمۇ،
نۇر تۆكىمەن ماڭغان يولۇمغا.

1998-يىلى 2-ماي، خوتەن.

① ئاپتورنىڭ «تارىخى ۋەتەن ۋە قائىتى خوتەن» ناملىق ئەسىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

# سەددىچىن ئۈستۈڭدە تۇرىمەن مەغرۇر

سەددىچىن ئۈستۈڭدە تۇرىمەن مەغرۇر،
تەپەككۇر قۇشلىرىم كەتتى ئۆتمۈشكە.
سەن پەقەت تارىخنىڭ ئۆلمەس شاھىدى،
شۇ ۋەجى كەلدىم مەن بۈگۈن كۆرۈشكە.

سەددىچىن ئۇنچىلا كېرىلىپ كەتمە،
ئالەمدە بىر مەنلا بۈيۈك دەپ بىلىپ.
شۇ ئاددىي ئادەملەر قوپۇرغان سېنى،
تەر تۆكۈپ ھەتتاكى جېنىنى سېلىپ.

بىلىمەن: پۇتۇمنىڭ ئاستىدا شۇ ئان،
چىرىگەن ساناقسىز جەسەت ياتىدۇ.
شىر سۈپەت پالۋانلار ، توشقان مىجەزلەر،
راست تارىخ ، قان-ياشلىق قىسمەت ياتىدۇ...

سەددىچىن بىلىسەن ھەممىنى تولۇق،
كىملەرنى ساقلىدىڭ ، كىملەردىن قاچان؟
جاھاننى تىترەتكەن باتۇرلار قېنى؟

ئەركىنلىك تۇغىنى كۆككە قادىغان!...

خەلققە تاغ كەبى زۇلۇمنى سالغان،
خاقانلار نە كۈنلەر كۆردى ئاقىۋەت.
ئادالەت ياقلىغان ئاۋامنى سۆيگەن ،
يادلىنىپ كەلمەكتە، بۇ بىر ھەقىقەت.

سەددىچىن چىن سۆزنى قىلاتتىڭ چوقۇم،
مۆجىزە يۈز بېرىپ گەر تىلىڭ چىقسا.
ئەۋلادلار بىلەتتۇق ھەممىنى تولۇق،
ئەجدادمۇ شادلىنار ئىدى بىر ئۇقسا...

1999-يىلى 25-ئۆكتەبىر، بېيجىڭ بادالىڭ.

# سلەر مېنىڭ كەلگۈسۈم ـ ئەتەم ...

(قىزىم شېرىنئاي ، ئوغلۇم ئىلتېكىننى سېغىنىپ)

يۈرەك پارەم جان-جىگەرلىرىم ،
سېغىندىم مەن سلەرنى قەۋەت.
سېغىندىڭلار سلەرمۇ مېنى،
بىلىپ سوقار يۈرىكىم ھەر رەت.

تۇۋا دەيمەن كەم سۆز بوپ قالدىم،
ئىشقىڭلاردا ئۆرتىنىپ دىلىم.
كۆلكەم يالغان تۆككەن يېشىم راست،
ئاش-تاماقنىڭ تەمىن بىلمىدىم.

ئېيپ كېلەرمۇ ھىدىڭلارنى دەپ ،
ساپ ھاۋانى سۈمۈردۈم ھەر كۈن.
"دادام قېنى؟"دېگەچ ئويغىنىپ
كەتتىڭلارمۇ ، ئاڭلىدىم ھەر تۈن.

باللىرىم مېھرىم ئالدىدا،
ئالەم خىجىل ، كەڭ دېڭىز تامچە.
سىلەر مېنىڭ بارلىقىم جېنىم،
سىلەر ئۈچۈن جان بېرەي قانچە...

سىلەر مېنىڭ غۇرۇرۇم ، بەختىم،
سىلەر بىلەن ھايات مەن مەڭگۈ.
سىلەر مېنىڭ كەلگۈسۈم— ئەتەم،
سىلەرگە خاس مەندىكى سۆيگۈ.

1999-يىلى 6-نۇيابىر ، بېيجىڭ.

# قۇياش ، تەكلىماكان ۋە مەن

گويا بىر ئوت شارى چىقتى دېڭىزدىن،
ئوتقاشتەك نۇرلىرى تاراپ جاھانغا.
يوقالدى گۆرىستان ، يورۇدى ئالەم،
ۋۇجۇدۇم بۆلەكچە يايرىدى شۇ دەم.
ئەسسالام ! دېدىم مەن قۇياش ـ جانانغا.

تۆت ئەتراپ پايانسىز ، غايەت زور دېڭىز،
پاراخوت ئۈستىدە قالدىم تېڭىرقاپ :

”قاياقتا تەكلىماكان مۇقەددەس تۇپراق،
دىماقىقا ئۇرۇلار باشقا بىر پۇراق“...
ھەم خۇشال ھەم مىسكىن تۇرىمەن قاراپ.

”تەكلىماكان بۇ ياقتا سېزەلمىدىڭمۇ؟“...
زەر نۇر پىچىرلىدى قۇلاق تۈۋۈمدە.
كىروورەن چېھرىنى كۆردۈم قۇياشتىن ،
يۇرتۇمنىڭ ھىدىنى پۇراپ قۇياشتىن،
گوياكى ئۆزۈمنى سەزدىم ئۆيۈمدە...

1999-يىلى 2-ئۆكتەبىر، دالىيەن.

# ئاق چەكتىڭ ، جان چەكتىڭ ...

ئاق چەكتىڭ ، قان چەكتىڭ ، جان چەكتىڭ ئىنىم،
ئازغۇنلۇق ، بىخودلۇق چىرماپتۇ سېنى.
چىرايىڭ ساماندىن رەڭ ئاپتۇ تۇگەل،
ھەر كۆرگەن كىشىنىڭ شۇركىنەر تېنى.

ھاياتىڭ ئىس بىلەن قوشۇلۇپ شۇنداق،
نىشانسىز كېتەمسەن گۈزەل دۇنيادىن.

بەللىرى مۈكچەيگەن ئاناڭ نە هالدا،
(بۇ ئۆمرۈڭ قىممەتسىز بىر تال گىياھدىن.)

تىرىك ۋە ئۆلۈكنىڭ ئارىسىدا سەن،
روھىڭمۇ سەرگەردان بولغىلى نىكەم.
ئاتاڭنىڭ، ئەل يۇرتنىڭ ئۈمىدى قېنى؟
ئويلىنىپ كۆردۈڭمۇ ئولتۇرۇپ بىر دەم.

تۇغۇلغان چېغىڭدا تەۋرىگەن زېمىن،
ئاناڭنىڭ چېھرىدە كۈلگەن زەر قۇياش.
"ئوغۇلكەن ئوغۇل!" دەپ سەكرىگەن داداڭ،
شادلىقتىن كۆتۈرۈپ، قىلىپ ھەم باخاش...

شۇ ئوغۇل سەن ئۆزۈڭ، ئۇنتۇما ئىنىم،
ئۆزۈڭنىڭ جېنىنى، ئۆزۈڭ ئالمىغىن.
ياراتقان ئىگەممۇ خالىماس ھەرگىز،
ئەقلىدە ئۆزگىدىن كېيىن قالمىغىن...

ئاق چەكمە، ھوشۇڭنى تاپقىن ھېلىھەم،
زور ئىشلار كېلىدۇ يىگىت قولىدىن.
ئەل ئۈچۈن، ئەرك ئۈچۈن تالاي ئەزىمەت،
قايتمىغان ھەتتاكى ئۆلۈم يولىدىن.

ئاق چەكمە، جان چەكمە قېرىنداش ئىنىم،
شۇ يالغۇز ئاناڭنىڭ بارغىن قېشىغا.
ئاناڭمۇ سېنىڭسىز يۈرەلمەس خۇشال،
سەن بارساڭ تەم كىرەر ئىچكەن ئېشىغا.

ئاق چەكمە، قان چەكمە چۆچۈگىن ئەمدى،
ئاناڭنىڭ پۇتىغا باش قوي، سالام بەر.
ئانىسىز بۇ دۇنيا تۆرەلگەن ئەمەس،
ئانىنى سۆيمىگەن بولالمايدۇ ئەر...

2000-يىلى 20-ئاپرېل، بېيجىڭ.

# ئايالىمغا

سۆيگىنىمسەن، دىلكەشىم سەن پەزىلەت،
ئۆمۈرلىكتۇر مەندە ساڭا مۇھەببەت.

سەن بولغاچقا چېچەك ئاچتى مۇرادىم،
كۆلدى بەختىم، قول تۇتۇشتۇق بىر نىيەت.

ئەقىدىگە ئۆلتاش بولغاچ ئىشەنچە،
هازازۇللۇق، گۇمان، جاڭجال يوق پەقەت.

مۇلايىملىق، ئاق كۆڭۈللۈك يار ساڭا،
بەرپا قىلدىڭ، گويا ئۆيدە بىر جەننەت.

مېھرىڭ بىلەن نە يەر، بەلكى ئەر بولدۇم،
ئەل ئىچىدە تاپتىم ياخشى نام، ھۆرمەت.

شېرىنئاي ھەم ئىلتېكىنى چوڭ قىلدىڭ،
ئاق سۈت بېرىپ، چېكىپ سانسىز مۇشەققەت.

ئېغىرلىقىم چۈشتى ساڭا، خىجىلمەن،
بالا، ئۆي ... دەپ كۆرەلمىدىڭ چىن راھەت.

قەلەم تۇتۇپ گاھى كۈلدۇم، ياش تۆكتۇم،
پەقەت سەنلا بېرىپ كەلدىڭ راست مەدەت.

ئىجادىمدا سېنىڭ پۈتمەس ئەجرىڭ بار،
يۆلەنچىكىم بولغاچ ئۆزۈڭ ھەر نۆۋەت.

ئاھ ئامرىقىم، كۆزۈم يۇمسام بىر كۈنى،
شېئىرىمنى ئوقۇ، چەكمە نادامەت.

2000 – يىل 6 – ماي، بېيجىڭ.

# نەزم دۇردانىلىرى

*** 1 ***

خوراز چىللايدۇ ھەر تاڭ، دەپ: "سىخىي، بىر كۈن قۇچاق ئاچتى،
ئۆزۈڭ تۇيمايلا ئۆمرۈڭدىن يەنە بىر كۈن يىراق قاچتى"...
شۇ چىللاش ئويغىتىپ، قويقان زىرەك ئادەم ئۈچۈن ھەر كۈن،
پېشانە تەرىدىن ئارتۇق قىزىلگۈل چاچتى ـ زەر چاچتى!

*** 2 ***

مۇھەببەت ئەھلىگە باغلىق، ساداقەت چىن مىزان ئەسلى،
ئەقىدە، ساپ غۇرۇر بولسا يېگىتكە يار جانان ۋەسلى.
ئەگەر زەررىچە ناپاكلىق، ۋاپاسىزلىق قولى تەگسە،
توزار سۆيگۈ گۈلى جەزمەن، بولار قىش سۆيگۈنىڭ پەسلى.

*** 3 ***

دىلىمدىن چەشمىدەك ئۇرغۇپ چىقار نەزمە يازار بولسام،
ئەزىز خەلقىمنى قۇتلۇقلاپ ئىجاد كانىن قازار بولسام.
ئۇنىڭ مېھرى، ئۇنىڭ ئىشقى ۋۇجۇدۇمغا سىڭىپ كەتكەچ،
كۆلىمەن شۇنچىلىك تاتلىق، ئەجرىدىن گۈل ئىزار بولسام.

*** 4 ***

ئەجىر قىلماي تەلمۈرۈپ، كۈتكەن بەخت قايدىدۇر،
چۈشىدە گۈلشەن، لېكىن ياتقان يېرى چۆل، سايدىدۇر.
بەزىلەر ئۈنسىز ھەممىشەم ئىشلەيدۇ ئەل دەپ تەر تۆكۈپ،
شۇڭا نامى يەر ئەمەس، ھەتتاكى كۆكتە، ئايدىدۇر.

*** 5 ***

ۋەتەن دەپ يازدىغۇ كۆپلەر، ۋەتەننىڭ ئىشقىدا كۆيگەچ،
ئۇنىڭ ھەر تۇپ گىياھسىنى جېنىدىن ئەتىۋا بىلگەچ.
تۇتۇپ قوللارنى جەڭ قىلدى، قېنىدىن يېزىشىپ داستان،
”ۋەتەن!“... دەپ يەردە جان ئۈزدى، ئەزىز تۇپراقنى چىن سۆيگەچ.

*** 6 ***

ۋىسالىنىڭ يۈزىنى ئاچقاي، ئەگەر بىلسەڭ ھالال ئەمگەك،
ھەقىقي مەرد يىگىت جەڭگە چۈشەر مەغرۇر كېرىپ كۆكرەك.
ھۇرۇن، تەييارغا ھەييارلار، قالار ھەسرەتتە تەمەدە،
ئەنە ئىشچانلار ساپ تەردىن ياشايدۇ تۇرمۇشى قەندەك.

*** 7 ***

پېشانەمدىن تۆكۈپ ساپ تەر، ياشايمەن ئۆزگىچە يولدا،
يېلىنمايمەن، بېقىنمايمەن بىراۋغا ئۆلگۈچە يولدا.

نادانلار قاغىسۇن، ياكى ئۇچۇرسۇن ماختىشىپ كۆككە،
يولۇمدىن ئەسلا قايتمايمەن، غايىگە يەتكۈچە يولدا.

* 8 *

سۆزۈمنى ئاڭلىغىن دىلبەر، بېشىڭنى قاشلىما ئەمدى،
چۈشەنمەي سۆيگۈنى زىنهار، تۈيۈڭنى باشلىما ئەمدى.
مۇھەببەتنىڭ چىغىر، پاتقاق، يولىنى بويلىدىڭ كۆپ يىل،
"—نېمىشقىمۇ تۇغۇلدۇم؟!" دەپ كۆزۈڭنى ياشلىما ئەمدى.

* 9 *

مەن هايات دەرياسى ئىچرە بىر قۇلۇاق،
مەنزىلىم يىراقتا ئەڭ گۈزەل قىرغاق.
قەھرلىك دولقۇنلار كار قىلماس ئەسلا،
ئەجدادىم خىسلىتى مەدەتكار ھەرۋاق.

* 10 *

نادانلار دەيدىكەن: ياشلىقتا ئوينا،
ئۇ يەنە قايتىلاپ كەلمەيدۇ پەقەت.
مەن دەيمەن: ياشلىقىم قىممىتى چەكسىز،
شۇڭلاشقا ئىلىمنى سۆيىمەن ئەبەت.

* 11 *

ۋەتەندەك قەدىردان بارمۇ جاھاندا،
مەن ئۇنى جېنىمدىن ئەزىز كۆرىمەن.
ھەر چىمدىم توپىسى، ھەر گىياھسىنى،
”تۇتىيا“ دەپ بىلىپ كۆزگە سۈرىمەن.

* 12 *

باياشات ياشاشنى كىم قىلسا تىلەك،
مېھنەتنى چىن دىلدىن سۆيمەكلىك كېرەك.
بىل دوستۇم: تەر تۆكۈپ قازمىساڭ قۇدۇق،
كەۋسەرگە قانامدۇ چاڭقىغان يۈرەك؟!

* 13 *

بىلىمسىز دەيدۇ ئۆزىنى نوچى،
ئۆزگىگە نەپ بەرمەي شاپاشلاپ يۈرۈپ.
ئورۇنسىز كۈلكىدىن مەستلىك ئىچىدە،
قالىدۇ پۇشايمان دېڭىزىغا چۆكۈپ.

* 14 *

جېنىڭنى ئەزىزلاپ دورىنى يەيسەن،
مەقسىتىڭ ئۇزۇنراق ياشسام دەيسەن.

ئى دوستۇم مەن ساڭا بىر دورا بۇيرۇي،
خەلق دەپ ياشىغىن، مەڭگۈ ئۆلمەيسەن.

### * 15 *

تەر بىلەن كۆكلەيدۇ ئادەم تىلىكى،
سىنجەكتە ئۆسىدۇ كاۋا پىلىكى.
سىنجەكسىز پىلەكتۇر پاك تەرسىز تىلەك،
بۇلارنىڭ ئەل ئۈچۈن يوقتۇر كېرىكى.

### * 16 *

خۇشامەت ئادەمنى يېقىتار چوقۇم،
كۆپ ئوغۇت مايسىنى قۇرۇتار چوقۇم.
سەگەك بول جان دوستۇم، بۇ خىل كىشىلەر،
ئەنبەر دەپ، زەھەرنى پۇرىتار چوقۇم.

### * 17 *

يۈكسەكلىكنى تاغدىن ئۆگەندىم،
سېخىيلىقنى باغدىن ئۆگەندىم.
ئەڭ مۇھىمى، كەمتەرلىكنى مەن،
يەرنى سۆيۈپ ئاندىن ئۆگەندىم.

* 18 *

بايلىقىم، شەۋكىتىم بۇ ئانا تۇپراق،
ئۇ بار ھەم مەنمۇ بار چەكمەيمەن پىراق.
ھەرقانداق مۈشكۈلنى يېڭىمەن چۈنكى،
ئەجدادىم روھى بار، ئىزى يالتىراق.

* 19 *

ئارمىنىم دېڭىز گويا، قىرغاق گۈزەل،
ئىجتىھات—قېيىق، دېمەك ئىشلىرىم ھەل.
شاۋقۇنى قىرغاق سۆيۈپ تۇغدۇرىدۇ،
ھاياتلىق، ئىجاد، مېھنەت ئۈچۈن غەزەل.

* 20 *

دوستلار ئۈچۈن جاپا چېكىمەن،
بەلكى ئۆتتىن مەغرۇر كېچىمەن.
"ئىچكىن" دېسە ھەتتا زەھەرنى،
ئىككىلەنمەي ئۇنى ئىچىمەن.

* 21 *

كۆرگەنلا كىشىگە قىلمايمەن تەزىم،
بۇ مېنىڭ ھاكاۋۇر بولغىنىم ئەمەس.

ۋە لېكىن چىن دىلدىن ئېتىقاد قىلىپ،
بولىمەن دوستلارغا مەڭگۈ ھەمنەپەس.

* **22** *

ئۈمىد بىلەن ياشىغاچ ئادەم،
گۈل—چېچەككە پۈركىنەر ئالەم.
لېكىن، نېچۈن ئاشۇ گۈللەرگە
نادان كىشى ئېپ كېلەر ماتەم؟

* **23** *

مەن بىر يۇلتۇز، تۈندە نۇرلار چاچىمەن،
نۇرۇم قىلىچ، تۇمانلارنى چاپىمەن.
ھالال تەردە سائادەتكە باققانغا،
"كېلىڭ دوستۇم!" دەپ يۈزۈمنى ياقىمەن.

* **24** *

چېلىشقا چۈشتۈم ياشلىق چېغىمدا،
ئۆمۈر تېشىمغا مۆھۈر باسقىلى.
ئەجدادىم باسقان ئىجاد ئىزىدىن،
ئارمان قىزىغا مارجان ئاسقىلى!

*** 25 ***

چېھرىمدە يالتىرار بەخت تامچىسى،
دەۋرىمنىڭ كۆلكىسى ماڭا مۇجەسسەم.
زەپەرنىڭ دەرياسى ياسايدۇ، دولقۇن،
بار مېنىڭ ئۇنىڭدا بەلگىلىك ھەسسەم!

*** 26 ***

كونا ناخشىلار توۋلىدىم كۆپ يىل،
ئەمدى يۈتكەي جۇشقۇن پەدىگە.
بولدى بەس! ئۆتكەن دەردلىك كۈنلىرىم،
قاراي ئەمدى مەن نۇرلۇق ئەتىگە!

*** 27 ***

"ئىگە!" نى دېيىشىم بىلەنلا مېنىڭ،
سۆيگەنتى پاك جىسمىم ئانا تۇپراقنى.
ئۇنىڭغا سادىق بوپ ئۆتمىسەم ئەگەر،
ناپاكقا پاك تۇپراق ئاچماس قۇچاقنى.

*** 28 ***

ۋاقىت ئىز قوغلىشىپ سۇدەك ئۆتىدۇ،
مىنۇت، كۈن، ئايلاردىن يىللار پۈتىدۇ.

بىزلەرمۇ كېتىمىز پانى دۇنيادىن،
يەر شارى يېڭىدىن مېھمان كۈتىدۇ.

* **29** *

ئالدىمدا ماختىدىڭ "ئۇچۇرۇپ" ئۇزاق،
بەلكى خۇش بولىدۇ دېگەنسەن مېنى.
ئەمەسمەن ماختاشقا ئانچىمۇ خۇشتار،
ئارقامدىن غاجىماي ئۆتمەمسەن قېنى؟

* **30** *

پىتنىخور كېلىدۇ ئىچى تار ئادەم،
ئۆزگىگە ھەسەت قىپ يۇرىدۇ ھەردەم.
باشقىلار شان قۇچسا، گويا ئوتتىكى
قىل كەبى تولغىنار، ئاڭا تار ئالەم.

* **31** *

ئىرادە ئالدىدا ھەتتاكى تاغلار،
خىجىللىق ھېس قىلىپ قارايدۇ يەرگە.
دېمەككى، ئىرادە—روھى خەزىنە،
ئۇ قىممەت بايلىقتۇر غايىلىك ئەرگە.
شۇ ۋەجدىن ئىپتىمەن زەپەر جانانى،
باقىدۇ خۇش چىراي ماڭا—پاك تەرگە!

*** 32 ***

هەيرانمەن، تۇخۇم تۇغقان مېكيان توخۇ،
قوناق يەپ، ئاپتاپلىقتا ئۇخلايدىكەن.
ۋە لېكىن هەلەپ يېگەن ئىنەك كالا،
سۈت بېرىپ، يەنە ساپان سۈرەيدىكەن...

*** 33 ***

بەزىلەر دەيدىكەن: ياشلىقىم قىممەت،
بەزىلەر دەيدىكەن: سۆيگىنىم قىممەت.
مەن دەيمەن: هەممىنىڭ ئانىسى بولغان
ئۇلۇغۋار ۋەتىنىم هەممىدىن قىممەت.

*** 34 ***

مىسالى كۆز بولسا مېنىڭ ۋەتىنىم،
گۆهىرى ئۇنىڭكى قەهرىمان خەلقىم.
بولالىسام ئۇنىڭغا تۆكۈلمەس كىرپىك،
رازىمەن، بۇ مېنىڭ ئەڭ بۈيۈك ئەهدىم.

*** 35 ***

جاهانغا بىر كېلەر ئىنسان ئەسلىدە،
كېتەر هەم سوغ قىرو چۈشكەن پەسلىدە.

چىن ئىناق ئۆتەيلى يار-يۆلەك بولۇپ،
يۇرمەيلى ھەرگىزمۇ پۇتلاش قەستىدە.

* 36 *

ئەجىرسىز تەمەدە ئىچمەيمەن كەۋسەر،
ئىچسەم ئۇ مەن ئۈچۈن بەرىبىر زەھەر.
ئەلنى دەپ كۆمۈش تەر تۆكسەمەن كۈن-تۈن،
تەرلىرىم بەختىمنى يورۇتقان قەمەر.

* 37 *

غۇرۇر، ئۇ ئادەم ئۈچۈن جاندىن ئەزىز،
تومۇردا ئاققان قىزىل قاندىن ئەزىز.
غۇرۇرسىز مىڭ يىل ياشاپ يۈرمەكلىكتىن،
غۇرۇرلۇق بىر كۈن ياشاش چەنداں ئەزىز.

* 38 *

مەن—ئۇرۇق، ئىجاد—زېمىن، بىخ سۈرىمەن،
ھالال تەر، ئەجرىم بىلەن چېچەپ پۇراق.
غەپلەتتە قالغانلارنى ئويغىتار ئۇ،
چېلىشتىن پاراغەتكە ئېچىپ قۇچاق.

*** 39 ***

مەن يىلتىز، كۆمۈلگەن شۇ ئانا يەرگە،
چۆل—جەزىر، گۈلستان دەپ ئايرىمايمەن.
ئەلگە كۆپ شېرىن مېۋە بەرسەممۇ گەر،
ئالدىراپ شەرەپ گۈلى تاقىمايمەن.

*** 40 ***

يۈرىكىم—پىلىكتۇر، ياش جىسمىم—چىراغ،
كىرسىنى ئۇنىڭكى ۋەتەن سۆيگۈسى.
بىر ئۆمۈر يانىمەن خىرەلەشمەي ھېچ،
نۇر بىلەن ھەمنەپەس ۋەتەن كەلگۈسى.

*** 41 ***

ھاكاۋۇرمەن رەقىپ ئالدىدا،
ئاڭا زىنھار ئەگمەيمەن بويۇن.
لېكىن دوستلار ئالدىدا خەسمەن،
پەگاھلاردىن ئالىمەن ئورۇن.

*** 42 ***

ئېگىز دەپ تاغلارغا قاراپ كەتمەيمەن،
ھەۋەستە قولۇمغا دوپپامنى ئېلىپ.

قەلبىمدە ئۈنىڭدىن يۈكسەك چوققا بار،
خەلقىم ئۇ، كەلمەكتە دىلغا ئوت سېلىپ.

* **43** *

نەپسىڭنىڭ كەينىگە كىرمىگەن ئادەم،
دۆت بېلىق قارماقتا چېكىدۇ ئەلەم.
بىل شۇنى: قارىماقنى سالغۇچى خۇشال،
نەپسكەر بېلىقنىڭ قىسمىتى ماتەم.

* **44** *

بەزىلەر "ئۆزۈم" دەپ ئوت، دېڭىز كېچەر،
ھەقسىز دەپ گەر زەھەر بولسىمۇ ئىچەر.
ئۆزگىچۈن بىر ئېرىق قېزىش ئاڭا يات،
ۋە لېكىن ئۆزىچۈن تاغنىمۇ تېشەر.

* **45** *

ئاھ ئانا، سەن كۈلسەڭ، كۈلىدۇ جاھان؛
تۈرۈلسە قاپىقىڭ، بولۇر زىمىستان،
ياش تۆكسەڭ سامادىن تۈكۈلەر يامغۇر،
مۇڭلانساڭ، دەريامۇ ياسايدۇ قىيان.

*** 46 ***

سىرتقى گۈزەللىك ئالدىدۇ سېنى،
پۇشايمان غارىغا تاشلايدۇ سېنى.
سەگەك بول، بىلىملىك پېشىنى تۇتقىن،
ئۇ باشلار سائادەت بېغىغا سېنى.

*** 47 ***

ئارمانغا قۇل قەلبىم، چېلىشقا ئەسىر،
جىسمىمغا شاھ ھامان پۈتمەس ئىرادە.
ئۇتۇقتا قول سوزۇپ ماڭىمەن ئالغا،
گەر چارچاپ كەتسەممۇ يولدا زىيادە.

*** 48 ***

كىشىلىك ھايات، گويا چىغىر يول،
گاھ ئازىسەن، گاھى چاپىسەن.
ئۆلمەس ئارزۇ، يۈكسەك ئىرادە،
بولسا ئەگەر، تۈز يول تاپىسەن!

1982 – يىلدىن 1995 – يىلغىچە، قەشقەر، كېرىيە، خوتەن.

كىتاب مۇقاۋىسىنى لاھىيىلىگۈچى : **ليۇجيافېڭ**
كىتاب ئىسمىنى يازغۇچى: **ياسىن مۇھەممەت**

**مۇھەممەت تەشنائى**

# ئەسسالام، ھايات

(شېئىرلار)

**نەشر قىلغۇچى ۋە تارقاتقۇچى:** مىللەتلەر نەشرىياتى
پوچتا نومۇرى: 100013، تېلېفون نومۇرى: 010-64290862
**نەشرىياتنىڭ ئادرېسى:** بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ.
**باسقۇچى:** دىشىن باسما زاۋۇتى
**ساتقۇچى:** جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
**نەشرى:** 2001-يىل 1-ئايدا 1-قېتىم
**بېسىلىشى:** 2001-يىل 1-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم
**ئۆلچىمى:** 787×1092مم 32 كەسلەم
**باسما تاۋىقى:** 5.375
**سانى:** 0001—2000
**باھاسى:** 6.50 يۈەن

**图书在版编目(CIP)数据**

生命你好:穆·塔希那依著. -北京:民族出版社,
2001.1
ISBN 7—105—04312—1

Ⅰ.生… Ⅱ.穆 … Ⅲ.诗歌—作品集-中国-当
代-维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I227

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2001)第 00836 号

| | |
|---|---|
| **责任编辑:** | 亚森·买买提 |
| **封面设计:** | 刘家峰 |
| **出版发行:** | 民族出版社　　电话:010—64290862 |
| **社　　址:** | 北京市和平里北街 14 号　　邮编:100013 |
| **印　　刷:** | 迪鑫印刷厂 |
| **经　　销:** | 各地新华书店 |
| **版　　次:** | 2001 年 1 月第 1 版　2001 年 1 月 北京第 1 次印刷 |
| **开　　本:** | 787×1092 毫米　1/32 |
| **印　　张:** | 5.375 |
| **印　　数:** | 0001—2000 册 |
| **定　　价:** | 6.50 元 |

◆ 责任编辑：亚森买买提 ◆ 封面设计：刘家峰

DIANNAOZHIZUO·DIANXIANMIANGONGZUOSHI



ISBN 7-105-04312-1

9 787105 043125 >

ISBN 7-105-04312-1/I·973

民文（维182）定价：6.50 元